ئابلەكىم روزى

# ئۈمىد غۇنچىلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابلىكىم روزى

# ئۈمىد غۇنچىلىرى

(شېئىرلار)

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابەخان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

بالىلار ئەدەبىياتى ساھەسىدە جامائەتچىلىككە تونۇشلۇق بولغان شائىر ئابلىكىم روزى 1946-يىلى ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1957 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1963 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىدە بولغان، 1980 - يىلدىن بۇيان «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئابلىكىم روزىنىڭ ئەسەرلىرى 1962 - يىلدىن باشلاپ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ « ‹سەككىز دوست›نىڭ سۆھبىتى»، «ئۆسمۈر ئارزۇسى» قاتارلىق بىر قىسىم شېئىرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «قالدىغاچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «ئۈمىد غۇنچىلىرى» ناملىق بۇ شېئىرلار توپلىمىغا شائىرنىڭ ئاساسەن بالىلارغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


سۆيگىنىمسەن گالستۇك ........................ 1

پىئونېر ........................ 2

خىسلىتىڭ چېچەكلەيدۇ ........................ 3

تىزدۇق ئېسىل گۈلدەستە ........................ 4

بىزنىڭ سىنىپ ........................ 5

بەختىيار يىللار ........................ 6

ۋەتىنىم — ئانام ........................ 7

ئاچچىق ساۋاق ........................ 11

بايرام ھارپىسى (باللادا) ........................ 14

ئوغلۇمغا ........................ 19

گۈلدەستە (باللادا) ........................ 20

ئاپئاق بور ........................ 31

توي بۈگۈن ........................ 32

ۋەتەن كۈلمەكتە ........................ 34

يېڭى يىل ناخشىلىرى ........................ 35

ھەپتە ........................ 43

بىز ئامراق ئويۇنچۇقلار ........................ 44

بىزنىڭ ئېسىل مېۋىلەر ........................ 49

يۈرەك تەشەككۈرى (چاتما شېئىر) ........................ 59

شائىر تاغام لۇتپۇللا ........................ 63

قالغاچ قوشىقى .................................... 65
كىتاب ........................................ 66
مېنىڭ ئامراق دوستلىرىم ........................ 67
ئۆگەن جەگچى تاغاڭدىن .......................... 70
ئېتىزىم ....................................... 71
گۈزەل ئارزۇ .................................... 72
تېپىشماق ...................................... 72
«سەككىز دوست»نىڭ سۆھبىتى ....................... 73
باھار قوشاقلىرى ................................ 79
بىز بەختيار بالىلار (ئېيتىشىش) .................. 83
ئىلىم - پەن .................................... 84
روشەنگۈل ...................................... 85
سىم - سىم يامغۇر .............................. 87
ئۆكتەبىر قوشىقى ................................ 88
ئازىلىقنى سۆيىمىز (چاتما شېئىر) ................ 90
قەلبى ئوتلۇق پىئونېرلار بىز ..................... 93
تەنەپپۇس ...................................... 94
بىزنىڭ شادلىقىمىز (چاتما شېئىر) ................ 95
نوتا ئۆگەندۇق ................................. 99
تاپشۇرۇق ...................................... 100
خاتىرە ........................................ 101
ئاكا دېيىش نومۇسمۇ؟ ............................ 102
ئاش ئېتىشنى ئۆگەندىم .......................... 104
ئۇلار ئىككىسى .................................. 105
قىزىم ......................................... 106
ئوغلۇمنىڭ تەشەببۇسى ............................ 108

يەر تەۋرەيدۇ نېمىشقا ؟ ........ 110
قەبرە ئالدىدا ........ 112
سالام باغۋەن (چاتما شېئىر) ........ 117
شەجائەتلىك باللار (چاتما شېئىر) ........ 120
ئىسكىرىپكىچى بولىمەن ........ 129
بىزنىڭ قىزىق ئويۇنلار ........ 130
قاپاق تارتىش قانداق ئىش ؟ ........ 146
كىمنىڭ توغرا باللار ؟ ........ 148
شانلىق تويۇڭغا ........ 151
تەلقىد توغرىسىدا ........ 153
يېزىمىزدا ئېلېكتر ........ 154
پەرزەنت قوشۇنغا ........ 155
پارچىلار ........ 158
يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ........ 160
غەزەللەر ........ 162
ئۇلۇغ ئۆكتەبىر كۈنى ........ 169
ناخشا تېكىستلىرى ........ 171
دېھقان ئاكا ........ 174
ئىناق بىز ........ 175
زەرەپشان دەرياسى ........ 175
قاراماي تەسىراتلىرى ........ 176
يۈرەك قەسىمى ........ 178
مېنى سۆيسەڭ ........ 178
دوستۇمغا ........ 179
يېڭى يىل چاچقۇلىرى (چاتما شېئىر) ........ 179

كۆڭلىمىز خۇش بۇنىڭدىن ........................ 182
سىنچاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس ................ 183
ئېمىزگە ............................................. 184
ئۇزۇملۇكتە.............................................. 184
قاسساپ دوستىغا سۆگەك بېرەمدۇ؟ .............. 186
بېزام ................................................... 186
ئۈمىد كۆتكەن ........................................ 187
«ئۆرە تۇرماس بوش تاغار»........................ 188
تۇيۇقلار ................................................ 189

## سۆيگىنىمسەن گالستۇك

قىزىل نۇردا بويالغان،
ساپ قانلارغا تويۇنغان،
يۈرىكىمدىن - دىلىمدىن،
سۆيگىنىمسەن گالستۇك.

ئىشلىرىمدا كۆرسەتكۈچ،
ئەڭ ئىگىزگە ئۆرلەتكۈچ،
ئايرىلمايمەن سېنىڭدىن،
كۆيگىنىمسەن گالستۇك.

مەڭگۈ ئۆچمەس شانىڭ بار،
يۈرەكلەردە نامىڭ بار،
ئىلھام بېرىپ يەلپۈنگەن،
ئامرىقىم سەن گالستۇك.

رەڭداش بولۇپ يۈرەككە،
قۇۋۋەت بېرىپ بىلەككە،
ھەر چاغ ئالغا تەلپۈنگەن،
شادلىقىم سەن گالستۇك.

1962 - يىل

## پىئونېر

هۆر ۋەتەندە شاد ـ خۇرام،
ئۆسكەن ـ يېتىلگەن پىئونېر.
بوينىغا گالستۇكى،
مەهكەم چېگىلگەن پىئونېر.

مەكتىپى گويا گۈلىستان،
ئۈندىكى غۇنچە ئۆزى؛
قەلبىگە ئۇستاز سۆزىدىن،
بال تۆكۈلگەن پىئونېر.

قەهرىمانلار ئىزىدىن،
ماڭغاچقا تەۋرەنمەي هامان؛
«بەختىيار لىپى فىڭچە» دەپ،
نام بېرىلگەن پىئونېر.

ئىنقىلابنىڭ ئىز باسارى —
ۋارىسى بولغاچقا چىن؛
ئىش چېلىشتا يەڭلىرى،
چەبدەس تۈرۈلگەن پىئونېر.

پارتىيىنىڭ سۆزىنى،
تۇتقاچ ئېسىدە هەر قاچان؛

سۆزگه ماس ھەر بىر ئىشى،
ئالغا سۈرۈلگەن پەيتونىر.

ئىنقىلابىي ناخشىلارنى،
ياڭرىتىپ بايرام قىلىپ؛
ئەلىمىدىن خەلقىگە،
گۈل - غۇنچە تۇزگەن پەيتونىر.

ئۆس خۇشال، ساغلام بولۇپ،
تاپقىن كامالەت تىبخمۇ؛
پەن بىغىدىن قەلبىگە،
نۇرلار سىپىلگەن پەيتونىر.

1965 - يىل، قەشقەر

## خىسلەتلىك چېچەكلەيدۇ

ئەل ئىشقىدا يانسەن،
يالقۇن بولۇپ ئوت بولۇپ؛
دۈشمەنلەرنىڭ كۆكسىگە،
قادىلسەن ئوق بولۇپ.

سېنىڭ ھەر - بىر خىسلىتىڭ،
چېچەكلەيدۇ دىللاردا.
پەزىلىتىڭ - ئىستىلىڭ،
جاراڭلايدۇ تىللاردا.

قەھرىمان سەن، قەيسەر سەن،
قايغۇ ـ غەمنى كەتكۈزگەن.
پارتىيىمىز باش بولۇپ،
ئەلگە بەخت يەتكۈزگەن.

ساڭا مېھرىم ئوخشايدۇ،
خۇددى تاشقىن بۇلاققا.
شۇڭا سېنى ئارمىيەم،
قاتتىم ناخشا ـ قوشاققا.

1965 - يىل، قەشقەر

## تەزدۇق ئېسىل گۈلدەستە

كۆركەم، گۈزەل باغلارنى،
سەيلە قىلىپ كەزدۇق بىز.
قۇچىقىدىن ئەڭ ئېسىل،
گۈلدەستىلەر تىزدۇق بىز.

ئاشۇ ئېسىل گۈلدەستە،
غەلبىمىزگە سىمۋول.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
بەخت تاپتۇق قىز ـ ئوغۇل.

گۈلدەستىنى تۇتىمىز،
پارتىيىگە، داھىغا.

يېتەكلەيدۇ پارتىيە،
بىزنى پارلاق غايىغا.
1979 - يىل، 6 - ئاي

## بىزنىڭ سىنىپ

پارتىيە، خەلق سۆزىنى،
ئەستە مەھكەم ساقلىدۇق.
شۇڭا بارچە ساۋاقداش،
بىللە سىنىپ ئاتلىدۇق.

ئۆتتى ئوقۇش يىلىمىز،
زەپ مەنىلىك كۆڭۈللۈك.
بولدى مەكتەپ بويىچە،
بىزنىڭ سىنىپ ئۈلگىلىك.

ساۋاقداشلار ئۆزئارا،
ئىناق بولدى، تىنچ بولدى.
ئۇستازلارنىڭ سۆزلىرى،
قەلبىمىزگە كۈچ بولدى.

كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچ،
ئەقىللىق - زېرەك بولدۇق.
ئۈلگە قىلىپ لېي فېڭنى،
تەيسەر، ئوت يۈرەك بولدۇق.

ئىلگىرلەدۇق داۋاملىق،
ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ.
ئىلغارلىقنىڭ گۈللىرى،
ئېچىلدى كۆز چاقنىتىپ.

چىن يۈرەكتىن سۆيگەچكە،
كوممۇنىستىك ئەخلاقنى.
ھەرگىز قولدىن بەرمەدۇق،
كۈچمە قىزىل بايراقنى.

كېلەر يىلى يەنە بىز،
ئىلغار سىنىپ بولىمىز.
ۋەتەن ئۈچۈن ئۆگىنىپ،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىمىز!...

1979 - يىل قەشقەر

## بەختىيار يىللار

كۈرەش - ئەمگەك قاينىغان،
زەپ جەڭگىۋار يىللار بۇ،
باغدا بۇلبۇل سايرىغان،
شاد - بەختىيار يىللار بۇ.

زەپەر كۈيى جاراڭلاپ،
ئۆتتى شانلىق يىلىمىز.

يېڭى ئۇزۇن سەپەردە،
پەرۋاز قىلدى ئېلىمىز.

ھەر بىر قۇتلۇق كۈنىمىز،
گويا يىلغا تەڭ بولدى.
ئىقبالىمىز، يولىمىز،
ماڭغانسېرى كەڭ بولدى.

بۈگۈن يېڭى يىل كەلدى،
دەستە - دەستە گۈل كەلدى.
قاراڭ دوستلار ھەريانغا،
ياڭراق كۈي - ئۇسسۇل كەلدى.

يېڭى يىلدا يېڭىچە،
غەيرەت بىلەن ئۆرلەيمىز.
پارتىيىگە ئەگىشىپ،
ھۆر ۋەتەننى گۈللەيمىز.

1979 - يىل، 12 - ئاي

## ۋەتىنىم - ئانام

(چاتما شېئىر)

(1)

ئۇلۇغ ۋەتىنىم،
گۈلشەن دىيارىم.
ياشنىدى سەندە،
كۆكلەم باھارىم.

قۇچىقىڭ گويا،
ئالتۇن بۆشۈكۈم،
بەخت ـ شادلىقتىن،
كۈلدى يۈرىكىم.

ۋەتىنىم ــ ئانام،
سۆيىمەن سىنى.
ئاپئاق سۈت بېرىپ،
ئۆستۈردۈڭ مېنى.

بېشىم سىلىغان،
غەمگۈزارىمسەن.
ئالەمگە مەشھۇر،
ئىپتىخارىمسەن.

قەلبىمدە ۋەتەن،
ھۆرمىتىڭ چەكسىز.
چۈنكى سەن ماڭا،
ھەممىدىن ئەزىز.

ئاڭلا سۆزۈمنى،
ئاڭلا، ئانىجان.
ــ گۈللەيمەن سىنى،
قۇچۇپ شەرەپ ـ شان!...

2

ئۇلۇغ ۋەتىنىم،
ئېزىز ئانامسەن.
سېنىڭ قوينۇڭدا،
شادۇ - خۇرامەن.

سانسىز ئوت يۈرەك،
ئوغۇل - قىزىڭ بار.
تارىخ بېتىدە،
ئۆچمەس ئىزىڭ بار.

ئېتىكىڭ گۈزەل،
رەيھان پۇرايدۇ.
دىلنى بەھىساب ،
شاتلىق ئورايدۇ.

ئېچىلدى سەندە
زەپەر گۈللىرى؛
ياڭراپ تۇرىدۇ،
بەخت كۈيلىرى.

ئۇلۇغ پارتىيەم،
نۇر چاچتى ساڭا.

نشان كۆرسىتىپ،
يول ئاچتى ساڭا.

تۆتلىشىش ئۈچۈن،
ئات سالدىڭ بۈگۈن.
تىپىپ كۈچ ـ قۇۋۋەت،
يۈكسەلدىڭ بۈگۈن.

ۋەتەن، شەنىڭگە،
ئېيتىمەن ناخشا.
دەيمەن يۈرەكتىن،
كۈنسېرى ياشنا!

3

ئەي ئۇلۇغ ۋەتىنىم،
بوستانسەن ياشنىغان.
بۇلبۇلمەن ئىشقىڭدا ـ
چاڭىلداپ سايرىغان.

گۈل سۈپەت ھۆسنۈڭگە،
خۇشتارمەن دىلىمدىن.
نامىڭغا كۈي ـ ناخشام،
تۆكۈلەر تىلىمدىن.

سايرايمەن ھۇر ۋەتەن،
بىر ئۆمۈر سەن ئۈچۈن.
شاد بۇلبۇل بولغىنىم،
بەختتۇر مەن ئۈچۈن.

1980 - يىل، 6 - ئاي.

## ئاچچىق ساۋاق

خىزمەت بىلەن يېقىندا،
كىرگەن ئىدىم شەھەرگە.
كۆردۈم ئىككى بالىنى،
ئۇچراپ قاپتۇ خەتەرگە.

ۋەقە ئەسلى مۇنداقكەن،
باشقىلاردىن ئاڭلىسام.
خىيال سۈردۈم، ئىچىندىم،
بولماس بۇنى يازمىسام.

ئىككى بالا بىرلىكتە،
بىر ۋېلسىپىت مىنىپتۇ.
نىمىشقىدۇر ئالدىراش،
قوغلىغاندەك مېڭىپتۇ...

بىرسى مىنىپ ئېگەرگە،
رول تۇتۇپتۇ، تەپىپتۇ.

بىرسى قونۇپ كەينىگە،
پەدال تېپىپ ھەيدەپتۇ.

ئۇلار توغرا ماڭماستىن،
سول تەرەپتىن يۈرۈپتۇ.
شۇڭا چوڭ يول ئۈستىدە،
پىشكەللىك كۆرۈپتۇ.

قارشىسىدىن ئۇلارنىڭ،
كەپتۇ شۇفۇ تولاجى. ☆
تورمۇزلاشقا شوپۇرنىڭ،
بولماي قاپتۇ ئىلاجى.

يىقىلىپتۇ ئىككىلەن،
مىجىلىپتۇ ۋېلسىپىت.
ئاغرىقىغا چىدالماي،
دەپتۇ: ۋاي جان، ۋاي ئىسىت!...

پۇت - قوللىرى سۈرۈلۈپ،
ياردار بولۇپ يېتىپتۇ.
باش كۆزلىرى يېرىلىپ،
توختىماي قان ئېقىپتۇ...

---

☆ قول تراكتور

دوختۇرخانا تەرەپكە،
ئېلىپ ماڭدۇق شوڭلاشقا.
خېلى ئېغىر ئەھۋالى،
بولمايتتى سەل قاراشقا.

ساۋاقداشلار بۇ ئىشتىن،
ئاچچىق ساۋاق ئالايلى.
تۈزۈمنى قاتناشنىڭ،
ئاڭلىق ئىجرا قىلايلى.

ھەممە ئىشنىڭ بولغاندەك،
قائىدىسى، تەرتىپى؛
قاتناشنىڭمۇ بار نۇرغۇن،
بەلگىلىمە، تەدبىرى.

ئىككى ئادەم ھېچقاچان،
بىر ۋېلسىپىت مىنمەيلى.
ساۋاقداشلار يوللاردا،
قالايمىقان يۈرمەيلى.

×

قائىدىلىك يول يۈرۈش،
ئېسىمىزدىن چىقمىسۇن.
بەخت تەرىلىك گۈللىرى،
پۈراق چاچسۇن، چاقنىسۇن!...

1980 - يىل، قەشقەر

## بايرام ھارپىسى

(باللادا)

قوْرغان ئىدوْق بىز،
سەنئەت ئوْمىكى.
ساۋاقداشلارنىڭ،
كوْلدى يوْرىكى.

باھار بايرىمى،
كېلىشتىن بوْرۇن؛
تەييارلىغانتوْق
كونسىرت - ئويوْن...

قىسمىغا باردوْق،
بايرام ھارپىسى.
جوْش ئوْروْپ دىلىنىڭ
ھوْرمەت سوْيگوْسى.

دېدۇق بىز: سالام،
جەڭچى تاغلار!
ھال سوراپ كەلدۇق،
ئۆسمۈر بالىلار.

سىلەر قەھرىمان،
سىلەر سۆيۈملۈك.
ۋەتەن ئىشغا،
چەكسىز كۆيۈملۈك.

سىلەر بولغاچقا،
ۋەتەندۇر ئامان.
پارلاق بەختىمىز،
ئالەمگە ئايان...

سىلەرنى مەڭگۈ
قىزغىن سۆيىمىز.
سىلەرگە ئاتاپ،
ئويۇن قويىمىز...

تۇتتۇق ئۇلارغا
دەستە - دەستە گۈل.
سالاملار بىرىپ
قىلىشتى قوبۇل.

جەڭچىلەر بىلەن،
چۈشتۈق سۈرەتكە.
چۈشتۈق ۋە يەنە
قىزىق سۆھبەتكە...

پېشقەدەم باشلىق
بەردى دوكىلات.
ئالدۇق ئۈلگىدىن
چوڭقۇر تەسىرات.

ئاندىن ئويۇنى
باشلىۋەتتۇق بىز
چىقتى سەھنىگە
ئېلانچى گۈلقىز.

ياڭراتتۇق ئاۋۋال،
دېكلاماتسىيە.
ئارمىيىمىزگە،
ئوقۇپ مەدھىيە.

ئەنە غېنىجان،
چالدى راۋابنى.
كۈلگۈنچەك نەبى،
ئويناتتى داپنى.

ئوماق راھىلە،
چالدى ئىسكىرىپ؛
چالار پولاتجان
نەينى زوقلىنىپ...

ئېيتتى شاد ناخشا،
كىچىك نۇربىيە.
ئۇنىڭ ناخشىسى—
«ياشا ئارمىيە!...»

ئورۇنلاپ چىقتى،
قەيسەر ۋە سەپەر؛
«لېپي فېك تاغامغا»
دېگەن بىر لەپەر.

كىيىپ تۇماقنى
بېكىتىپ ساقال؛
بوۋاي رولىدا،
چىقتى شوخ كامال.

موماي رولىنى
ئالدى ئابىدە،
نەۋرىسى بولدى
تېتىك ساجىدە.

قىزىدى كېيىن،
كوللېكتىپ ئۇسسۇل.
ئوينىدى ھەتتا،
ياش جەڭچى رۇسۇل...

ياش بىر ئوپېتسىر،
ئوقۇدى شېئىر.
ئۇنىڭ تېمىسى:
«يۈكسەل پەمىر!»

خۇش بولۇپ بىزدىن،
بارلىق جەڭچىلەر؛
دېدى: «ئاپىرىن
ئۆسمۈر غۇنچىلار!...

سىلەر ۋەتەننىڭ
ئۈمىد يۇلتۇزى؛
بەختىيار ئۆسكەن،
ئوغۇل ۋە قىزى.

شۇڭلاشقا كۆپلەپ،
بىلىم ئېلىڭلار،
كۈنسېرى ئۆرلەپ،
پەرۋاز قىلىڭلار!»

1980 - يىل، قەشقەر

## ئوغلۇمغا

مەۋقەسى يوق، بېلى بوش،
ئۇجمە كۆڭۈل كىشىنىڭ.
شاختىن - شاخقا قونغاچقا،
ساپاسى يوق ئىشىنىڭ.

× ×

مەن بىلگەننى ھېچكىمشى،
بىلمەيدۇ دەپ ئويلىما.
ھاكاۋۇرلۇق چۆلىدە،
ئات چاپتۇرۇپ ئوينىما.

× ×

ئوغلۇم ساڭا نەسىھەت،
راست سۆزلىگىن دائىما.
تەنقىد قىلسا باشقىلار،
رەنجىپ يۈرمە، كايىما.

× ×

مەغرۇرلانسا كىم ئەگەر،
ھەرگىز ئالغا باسالماس؛
غەلىبە - زەپەر گۈلىنى،
چېكىسىگە قىسالماس.

1980- يىل، قەشقەر

# گۈلدەستە

(باللادا)

ھەر بايرامنىڭ ئۆزگىچە،
خاسىيىتى، رولى بار.
بايرام ئۈچۈن دوستۇمنىڭ،
دەستە - دەستە گۈلى بار.

× ×

گۈزەل پامىر تاغلىرى،
كۆك ئاسمانغا تاقاشقان.
چوققىلارنىڭ بېشىغا،
كۈمۈش دوپپا ياراشقان.

باھار سۈيى يايلاقتا،
يېشىل مەخمەل، زەر باسقان.
كۆز يەتكۈسىز تاغ باغرى،
چېچەكسىگە گۈل قىسقان.

سەھەر كەلدى رۇستەمجان،
ئوت - چۆپى مول يايلاققا.

مەكتەپكە بارغىچە،
قوي - قوزىلار باقماقتا.

...

ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ،
دۆيىنىڭ كىچىك مالچىسى.
تۇرار ئەنە قولىدا،
ئەپچىلگىنە قامچىسى.

رەڭدار پۆپۈك بەلباغدا،
باغلىۋالغان بېلىنى.
بەلبېغىغا قىستۇرغان،
ئامراق دوستى نېيىنى.

بۇ يىل تېخى ئون ئۈچتە،
ئوت يۈرەكلىك ئوغۇل ئۇ.
ئىلىم - پەنگە ئىشقى بار،
تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل ئۇ.

قوي قوزىلار يايلاقتا،
هوزۇرلىنىپ ئوتلايتتى.
بىر - بىردىنى قوغلىشىپ،
دىككاڭ - دىككاڭ سەكرەيتتى.

رۇستەم بولدى خاتىرجەم،
دېدى: «بىر پەس ئولتۇراي؛

كىتاب ئوقۇپ دىلىمنى،
يېڭىلىققا تولدۇراي...»

قورام تاشقا ئولتۇرۇپ،
كىتاب ئالدى قوينىدىن.
كۆز يۈگۈرتتى قۇرلارغا،
بېرىلىپ چىن كۆڭلىدىن.

ئوقۇدى ئۇ بىر شېئىر،
چوڭقۇر ئىدى مەناسى.
يېزىلغانتى ئۇنىڭدا،
تيەنئەنمېننىڭ ۋەقەسى.

كۆرۈندى كۆز ئالدىدا،
جۇزۇڭلىنىڭ ئوبرازى.
كۆرۈندى كۆز ئالدىدا،
خەلقىمىزنىڭ ئۇستازى.

كەتتى بىردىن خىيالى،
تيەنئەنمېنگە — مەيدانغا.
شۇ تاپ يايلاق قۇچىقى،
ئايلاندى كەڭ ئېكرانغا:

ئەنە مىليون كىشىلەر،
تيەنئەنمېنگە باقاتتى.

گۈل چەمبىرەك كۆتۈرۈپ،
مەيدان تامان ئاقاتتى.

كېلەر ئۇلار سەپ تۈزۈپ،
مۇنارغا☆ گۈل ياپقىلى.
مېڭىپ زۇڭلى ئىزىدىن،
ھەقىقەتنى تاپقىلى.

دەيتتى ئۇلار: «ئەلۋىدا!،
ياخشى زۇڭلى — جۇئېنلەي.
ھاياتىڭىز ئەل ئۈچۈن،
بېغىشلاندى پۈتۈنلەي...»

بار ئۇلارنىڭ قولىدا،
بايراقچە ۋە پىلاكات.
كۆزلىرىدە چاقنايتتى،
قەتئىي نىيەت، قەسەميات...

ئەنە بىر توپ پىئونېر،
بىلدۈرمەكتە تەزىيە،
تۇرۇپ مۇنار ئالدىدا،
ئوقۇماقتا مەرسىيە.

«قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمى»،
راسا قىزىپ كەتكەندە.

☆خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قوشاق، نۇتۇق سا داسى،
كۆك قەھرىگە يەتكەندە.

تۇيۇقسىزدىن مەيدانغا،
كەلدى باندىت - شۇمپەنلەر،
ئىنقىلابقا، خەلققە،
ئىچ - ئىچىدىن ئۆچمەنلەر.

دېدى باندىت باشلىقى:
«بۇ ئاشكارە يامانلىق،
دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ،
باستۇرۇلسۇن قوراللىق!...»

قەھرىمانلار بۇ گەپكە،
قىلچە پىسەنت قىلمىدى.
بۇيرۇقىنى باندىتنىڭ،
پەقەت كۆزگە ئىلمىدى.

تيەنئەنمېن مەيدانى،
كەلدى گويا لەرزىگە.
قەھرىمانلار ھەركەتتى،
كۆتۈرۈلدى ئەۋجىگە...

غالجىرلىشىپ باندىتلار،
زوراۋانلىق قىلىشتى.

بىگۇنا كەڭ ئاممىنى،
ئۆرۈپ باغلاپ كېتىشتى.

بىر پىئونېر غەزەپتە،
تۈگدى ئەنە مۇشتىنى.
كۆرۈپ ئۇنى شۇم باندىت،
غۇچۇرلاتتى چىشىنى.

خىتاب قىلدى پىئونېر،
كۆزىدە ئوت ئۇچقۇنى.
«تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان،
ئۆرلەيدۇ جەڭ دولقۇنى.

سىغىندۇق بىز سىغىندۇق،
جۇزۇگلىنى سىغىندۇق.
بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە،
تيەنئەنمېنگە يىغىلدۇق.

بوش چاغلىما باندىتلار،
ئىنقىلابنى، بىزنى سەن.
باسالمايسەن ئەبەدى،
باتۇر ئوغۇل - قىزنى سەن...»

كەلدى باندىت دىۋەيلەپ،
بۇ پىئونېر قېشىغا.

كالتەك بىلەن نەچچە رەت،
ئۇردى ئۈستى - بېشىغا.

ئاققان قىزىل قان بىلەن،
گالستۇكى بويالدى.
ئەنە ئۇنىڭ جەسەتى،
گۈل چېچەككە ئورالدى.

× ×

ئېچىنىشلىق بۇ ئەھۋال،
رۇستەمجاننى چۆچۈتتى.
يىغىپ خىيال يىپىنى،
قەلبىدىن سۆز ئۇرغۇتتى:

«قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمى،
ئىنقىلابىي، ھەققانىي.
خاتىرلىگەن چۈنكى ئۇ،
جۇزۇگىلىدەك دانانى.

ئىچى زەھەر تۈت مەرەز،
شۇ بايرامنى ئۆچ كۆردى.
چۆچۈرىنى خام ساناپ،
ئۇخلىماستىن چۈش كۆردى.

پارتىيىمىز ۋاقتىدا،
ئاغدۇردى تۆت مەرەزنى.
خەلقىمىزگە ئەپكەلدى،
مىسلى بەخت - نورۇزنى...»

× ×

تىزماق بولدى رۇستەمجان،
بايرام ئۈچۈن گۈلدەستە.
چىمەنلەرنى ئارىلاپ،
گۈللەر ئۈزدى ھەۋەستە.

بىردىن ئېگىز چوققىدا،
قارلەيلىسى كۆردى ئۇ.
تىكىپ ئاڭا كۆزىنى،
تاتلىق خىيال سۈردى ئۇ.

دېدى: «ئەي قارلەيلىسى،
تېزرەك بويان چۈشسەڭچۇ.
قولاق سېلىپ گېپىمگە،
تاغ باغرىغا كۆچسەڭچۇ.

چىقسام ئەگەر چوققىغا،
سېنى كۆپلەپ يىغاتتىم.
جۇزۇڭلىغا بېغىشلاپ،
گۈل دەستىلەر تىزاتتىم.

شۇ تاپ ئېگىز چوققىدا،
پەيدا بولدى بىر كېيىك.
رۇستەم كۆلدى قاقاقلاپ،
تاپقىنىغا دوست - شېرىك.

توۋلىدى ئۇ: «كېيىكجان،
ئىسمىم - پىئونېر رۇستەم.
قارلەيلىسى ئەپچۈشسەڭ،
پۈتەر ئىدى گۆلدەستەم.

ئۇنى سوۋغا قىلاتتىم،
بېيجىڭدىكى بايرامغا.
بولار ئىدىم بارغاندەك،
جەڭ قوينىغا - قايناMغا.»

زۇۋان كىرىپ كېيىككە،
دېدى: «ئاداش توختاپتۇر،
مەن چۈشكىچە قېشىڭغا،
بىر پەس كۆلۈپ ئويناپتۇر.»

گۈللەر ئۆزدى كېيىكجان،
ئەمەل قىلىپ ۋەدىگە.
چالدى رۇستەم نېيىنى،
يېقىملىق شوخ پەدىگە.

قار لەيلىسى ئېپ چۈشتى،
گۈزەل پامىر كېيىكى.
ھاياجانغا لىق تولدى،
رۇستەمجاننىڭ يۈرىكى.

گۈلدەستىنىڭ ئىشقىدا،
يالقۇن بولۇپ كۆيدى ئۇ.
سىلاپ كېيىك دوستىنى،
قۇچاقلىدى، سۆيدى ئۇ.

× ×

... پۈتتى مانا گۈلدەستە،
شۇنچە كۆركەم جۇلالىق.
ۋۇجۇدىنى رۇستەمنىڭ،
ئورىۋالدى خۇشاللىق.

پارلار ئۈمىد يۇلتۇزى،
ئۇ، ئەترايقا باققاندا؛
بىر توپ قاتار تۇرنىلار،
كۆرۈندى كۆك ئاسماندا.

رۇستەم قىلدى ئىلتىماس،
تۇرنىلارنى توختىتىپ.
قولىدىكى گۈلدەستىنى،
پۇلاڭشىتىپ ـ ئوينىتىپ؛

«ئەي تۇرنىلار، تۇرنىلار،
يول ئالدىڭلار قاياققا؟!
ئىزھار قىلاي سۆزۈمنى،
كېلىڭلارچۇ بۇياققا.

بولسا ئەگەر قانىتىم،
تيەنئەنمېنگە ئۇچاتتىم.
جۇزۇڭلىنى خاتىرلەپ،
گۈلدەستىنى قوياتتىم.

شۇ بايرامغا ئاز قالدى،
ئالدىرايمەن شۇنچە بەك.
باراي دېسەم يول يىراق،
بولساڭلارچۇ يار - يۆلەك!...»

ئەگىپ ئاشۇ تۇرنىلار،
چۈشتى يېشىل يايلاققا.
دېدى ئۇلار:« كەلدۇق بىز،
ساڭا ياردەم قىلماققا.

تيەنئەنمېنگە ئۇچىمىز،
سۆزۈڭ بولسا بىزگە دە.
ئۇلگۇرتىمىز بايرامغا،
گۈلدەستەڭنى بىزگە بە...»

رەھمەت ئېيتىپ رۇستەمجان،
سۆزلەپ كەتتى خۇشچىراي.
«ئەي تۇرنىلار سىلەرگە،
گۇلدەستىنى تاپشۇراي...»

ئۇچقۇنىدا تۇرنىلار،
ئاسماندا گۇل ئېچىلدى.
ئۇلار ئۇچقان تەرەپتىن،
يامىرغا نۇر چېچىلدى.

گۇلدەستىنى تۇرنىلار،
بېيجىڭگە ئېلىپ ماگدى،
ئاق يول تىلەپ رۇستەمجان،
يايلاقتا كۇلۇپ قالدى.

1980 - يىل قەشقەر

## ئاپئاق بور

دانە ـ دانە، ئىنچىكە،
سۇ پەتلىكسەن ئاپئاق بور.
ئۆگىنىشتە بىز ئۇچۇن،
كېرەكلىكسەن ئاپئاق بور.

ئەپچىل تۇتۇپ بىز سېنى،
خەت يازىمىز دوسكىغا.

ئوخشىتىدۇر ھەممە يلەن،
سىنى يىقىن دوستىغا.

ساقلاش ئۈچۈن بىز سىنى،
ياساپ چىقتۇق ساندۇقچە.
سىنى ئاسراپ ئاپئاق بور،
ئىشلەتمەيمىز ئارتۇقچە.

1981 - يىل، قەشقەر

## توي بۈگۈن

گۈزەل ئانا ۋەتەندە،
بايرام بۈگۈن — توي بۈگۈن.
جاراڭلايدۇ ھەر ياندا،
خۇشال ناخشا — كۈي بۈگۈن.

بۈپتۇ ئوتتۇز ئىككى يىل،
ۋەتەن ئازاد بولغانغا.
شادلانمامدۇق، شۇنچە زور —
تەرەققىيات بولغانغا؟!...

بولدى ۋەتەن قۇدرەتلىك،
ئەللەر ئارا ھۆرمەتلىك.
خەلقى ئىناق، بەختىيار،
ئالىيجاناپ خىسلەتلىك.

ۋەتەن قۇچتى شان - زەپەر،
پارتىيىنىڭ نۇرىدا.
ئالغا قەدەم تاشلىدى،
سوتسىيالىزم يولىدا.

ۋەتەن دېسە قەلبىمىز،
خۇشاللىققا تولىدۇ.
تىنىمىزدە تۈگىمەس،
قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

ۋەتەن دېسە مېھرىمىز،
يالقۇنلايدۇ ... ئۆرلەيدۇ.
ئۆچمەس مېھرى ۋەتەننىڭ،
بىزنى ئالغا ئۈندەيدۇ.

ۋەتەن دېسە كۆڭلىمىز،
قىزىل گۈلدەك ئېچىلار.
چۈنكى ۋەتەن كۆكسىدىن،
ئىللىق نۇرلار چېچىلار.

دەيمىز شۇڭا يۈرەكتىن،
گۈللە ۋەتەن كۈنسېرى؛
يۈكسىلىشىڭ كۆككىچە،
ئۆرلە ۋەتەن كۈنسېرى!...

1981 - يىل، قەشقەر

## ۋەتەن كۈلمەكتە

ئانا ۋەتەننىڭ
غۇنچىلىرى بىز؛
جۇشقۇن، ئوت يۈرەك
كۈيچىلىرى بىز.
ئۈندەك كەلگۈسى —
جەڭچىلىرى بىز.

ۋەتەن — ئانىمىز،
مېھرىبانىمىز؛
قۇچىقى ئىللىق،
بەختكانىمىز.
ئالەمگە مەشھۇر،
شەرەپ - شانىمىز.

جانجان ۋەتەن،
چۆمدى باھارغا؛
ئابلاندى بۈگۈن،
گۈلشەن دىيارغا؛
دولقۇنلار يېرىپ،
باسماقتا ئالغا.

خەلقى ئاق كۆڭۈل،
ئەمگەكچان، ۋەتەن.

تارىخىي شانلىق
چېنىقچان ۋەتەن.
جەڭدە يېڭىلمەس
قەھرىمان ۋەتەن.

ۋەتەن قاقاقلاپ،
خۇشال كۇلمەكتە.
ئىستىقبالىنى
روشەن كۆرمەكتە.
شان - زەپەر نۇرى،
ئۇنى سۆيمەكتە.

ئۇلۇغ پارتىيە،
بولغاچ قوماندان.
ئانىجان ۋەتەن،
غالىپ ھەر قاچان.
ياشنىتار ئۇنى،
ئازاد - ھۆر زامان.

1981 - يىل، قەشقەر

## يېڭى يىل ناخشىلىرى

### ياڭراق ناخشا بۇ

يېڭى يىل كەلدى،
ئېچىپ كەڭ قۇچاق.

مۇبارەكلەيمىز،
ياڭرىتىپ قوشاق.

باشلاندى بۈگۈن،
يېڭى بېشىمىز.
شادلىقتىن كۆككە،
يەتتى بېشىمىز.

ھەممىمىز مەھكەم،
تۇتۇشقاچقا قول؛
شەرەپ - شانىمىز،
بولدى شۇنچە مول...

يېڭى بىر يىلدا،
دۇلدۇل بولىمىز.
ئىلىم - پەن بىلەن،
مەشغۇل بولىمىز.

بىزنىڭ ۋەدە بۇ،
ئۇتلۇق دىلىدىكى.
ياڭراق ناخشا بۇ،
يېڭى يىلدىكى.

«مېھمان»

دېدىم: جان دادا،
بىر «مېھمان» كەلدى؛

بەرىكەت بىلەن
شادىمان كەلدى.

ئاشۇ «مېھمان» نى،
قارشى ئالدى.
ناخشىلار ئېيتىپ،
سازلار چالدى.

سورىدى دادام،
قوچاقلاپ مېنى:
— ئېيتقىنا، ئوغلۇم،
ئۇ «مېھمان» قېنى؟

دېدىم: — بۇگۈن دەل،
شانلىق يېڭى يىل.
كەلسە ئۇ كۈلۈپ،
شادلانىمامدۇ دىل.

شۇڭلاشقا ئۇنى،
«مېھمان» ئاتىدىم.
تەنتەنە قىلماي،
تۇرالماس ھېچكىم...

دادام زوقلىنىپ،
دېدى: — گېپىڭ راست.

يېڭى يىل گويا،
«مېھمان» غا ئوخشاش.

قارشى ئالايلى
ئۇنى بىز قىزغىن؛
يېڭى ئىشلارغا
ئاتلىنىپ تېزدىن.

سەن ئەلا ئوقۇ،
مەن ئىلغار بولاي.
شۇندىلا «مېھمان»
ئاچار خۇشچىراي.

## دوستۇمغا

دوستۇم، ھەر كۈنۈڭ،
مەنىلىك بولسۇن.
ئەقىل بېغىڭغا،
گۈل - چېچەك تولسۇن.

باغلا بېلىڭنى،
پولات كەمەردە.
قەيسەر جەڭچى بول،
يېڭى سەپەردە.

هارماي ئۆگىنىپ،
قىلغىن تەپەككۇر.
ئەل - ۋەتەن ساڭا،
ئېيتار تەشەككۇر.

## يېڭى يىل كۈنى

بېرىپ مەكتەپكە،
تىزىلدۇق سەپكە.
كەلدۇق غەيرەتكە،
يېڭى يىل كۈنى.

دېدۇق خۇش ئاۋاز،
«سالام، ئەي ئۇستاز،
قىلىمىز پەرۋاز!...»
يېڭى يىل كۈنى.

لوزۇنكا ئاستۇق،
پانۇسلار ياقتۇق.
پوجاڭزا ئاتتۇق،
يېڭى يىل كۈنى.

شادلىققا چۆمدۇق،
سەكرىدۇق، كۈلدۇق.
ئويۇنلار كۆردۇق،
يېڭى يىل كۈنى.

دوست - قەدىردانلار،
قەلبى گۈلخانلار.
تۈزدۇق پىلانلار،
يېڭى يىل كۈنى.

## كۈيلەيلى دوستلار

ئۆتكەن بىر يىلى —
جەڭگىۋار يىلدۇر.
نى ئىشلار پۈتكەن،
بەختىيار يىلدۇر.

يۈكسەلدى چۈنكى،
ھەرقايسى سەپلەر.
بۇ ھەقتە قىزغىن،
قىلىمىز گەپلەر:

ئىشچى تاغىلار،
شىمايلاپ يەڭنى؛
زاۋۇت - كانلاردا...
قىزىتتى جەڭنى.

ئىشلەندى كۆپلەپ،
داڭلىق مەھسۇلات؛
تۈرلۈك ئۈسكۈنە،
تۆمۈر ۋە پولات...

ئىشلەندى ھەر خىل،
رادىئو، ئۈنئالغۇ؛
رەڭلىك تېلېۋىزور،
رەخت، كىيىم، چالغۇ...

نېفىت دەرياسى
ئاقتى شارقىراپ.
ئىجاد يۇلتۇزى
كۈلدى پارقىراپ.

كۈمۈش تەرتۆكتى،
دېھقان تاغلار.
گۈللەر يېپىندى،
ئېتىز - داللار...

بوي سوزدى كۆككە،
ھوسۇل تاغلىرى.
مېۋىگە تولدى،
يېزا باغلىرى...

چىمەن يايلاقلار،
خۇش چىراي ئاچتى.
ئات، كالا، قويلار...
ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئېخ، بۈگۈن تۇرمۇش،
ھەسەلدىن تاتلىق.
بازارلار ئاۋات...
دىللاردا شادلىق.

باتۇر ئارمىيەم،
چەك باغلاپ بەلنى؛
ھوشيارلىق بىلەن،
قوغدىدى ئەلنى.

ئارمىيە ۋە خەلق
بولدى ئىتتىپاق.
ئىسىل پەزىلەت،
چاچتى خۇشپۇراق.

پەنۇ – تېخنىكا،
راۋاجلاندى تېز.
ئۆگەنمەكتىمىز،
مىليون ئوغۇل – قىز.

ئەدەب – ئەخلاقنى،
سۆيدى خەلقىمىز.
ۋەتەن ئىشقىدا،
كۆيدى خەلقىمىز.

ئۇلۇغ پارتىيەم،
چاچتى پارلاق نۇر.
شۇڭا، ئۆتكەن يىل،
بولدى غەلىبە زور...

× ×

چۇلغىدى دىلنى،
يالقۇنلۇق ھېسلار.
شانۇ - زەپەرنى
كۈيلەيلى دوستلار.

1981 - يىل، قەشقەر

## ھەپتە

گويا بىر تۇپ گۈل،
بىر ھەپتە دېمەك.
باردۇر ئۇنىڭدا
يەتتە تال چېچەك.

ئاشۇ چېچەكلەر،
كۈنلەرگە مىسال.
كۈنلەر بىز بىلەن،
تاپىدۇ ۋىسال.

ھەر بىر ھەپتىنىڭ،
بېشى دۈشەنبە.
دۈشەنبە ئۆتسە،
كېلۇر سەيشەنبە.

ھەپتىنىڭ ئۈچى —
بولۇر چارشەنبە.
ئۇنىڭ كەينىدىن،
كېلۇر پەيشەنبە.

كېلىدۇ ئاندىن،
جۈمە ۋە شەنبە.
ئۇ كۈنلەر ئۆتسە،
بولۇر يەكشەنبە.

يەكشەنبە كۈنى،
ئارام ئالىمىز.
باشقا كۈنلەردە،
بىلىم ئالىمىز.

1981 - يىل

## بىز ئامراق ئويۇنچۇقلار

### لىگگىل تاقتاق

ياغاچ بەدەن، ھەرىكەتچان،
لىگگىل تاقتاقجان.

ئۆزۈڭ ئاددى، بەلەنسەن،
ئوينىماق ئاسان.

مىندۇق ئىككى بېشىڭغا،
ئاغماق ئات قىلىپ.
ھەۋەس بىلەن ئوينايمىز،
دىلنى شاد قىلىپ.

ئەسلا ھېرىپ كەتمەيمىز،
ساڭا مىنگەندە.
زوقلىنىدۇ كىشىلەر،
بىزنى كۆرگەندە.

لىڭگىلىتاقتاق، توختىما،
ئۆرلىگىن لەڭ - لەڭ.
بىزمۇ ئېگىز ئۆرلەشكە،
تۇرۇپ قويدۇق يەڭ.

## ئىلاڭگۇچ

قوش ئارغامچا، تاختاي پۇت،
مەھكەم ئىلاڭگۇچ.
سېنى ئۇچتۇم كېلىدۇ،
ھەر دەم ئىلاڭگۇچ.

ئىلاڭگۇچۇم ـ ئىلاڭگۇچ،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچ.
ئۇچقانسېرى تاشىدۇ،
ۋۇجۇدۇمدا كۈچ.

لەپ ـ لەپ قىلىپ ئۇچۇۋەر،
بېشىم قايمايدۇ.
چېنىقىدۇ بەدىنىم،
دىلىم يايرايدۇ.

## دۇربۇن

كۆكۈش ئەينەك، قوش كۆزلۈك،
چىرايلىق دۇربۇن.
بېغىشلايسەن دىلىمغا،
خۇشاللىق، دۇربۇن.

سەندە يىراق ـ يىراقلار،
كۆرۈنەر يېقىن.
تاغۇ ـ دەريا، ئورمانلار،
ئاجايىپ يارقىن.

سەندە جىلۋە قىلىدۇ،
يېشىل تەبىئەت.
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ،
رەڭمۇ رەڭ سۈرەت.

دۇربۇن، سېنى شۇڭلاشقا،
بويۇنۇمغا ئاستىم.
كۆرۈپ گۈزەل مەنزىرە،
زېھنىمنى ئاچتىم.

## ئارقانچاق

سېنى دائىم تاقلايمىز،
ئەپچىل ئارقانچاق.
بەزىدە جۈپ ئوينايمىز،
بەزى جايدا تاق.

ئايلاندۇرۇپ بىز سېنى،
چەمبەر شەكلىدە.
شوخ تايچاقتەك سەكرەيمىز،
شادلىق ئىلكىدە.

پۇتىمىزنىڭ ئاستىدىن،
ئۆتىسەن تېز - تېز.
قانچە ئۇزۇن ئويناساق،
قانمايمىز ھەرگىز.

ئەي ئارقانچاق، ئارقانچاق،
سېنى تاقلايمىز.

چىنىقتۇرۇپ بەدەننى،
ئالغا ئاتلايمىز.

## سىرلىما تاقتاق

شۇنچە سىلىق، چىرايلىق،
سىرلىما تاقتاق.
ئويناشقا باب، قولايلىق،
ئاڭا بىز ئامراق.

بولغاچ تاختاي شوتىسى،
چىقالايمىز بىز.
چۈمۈلىمىز شادلىققا،
بارلىق ئوغۇل - قىز.

غۇي - غۇي قىلىپ، سىرىلىپ
چۈشىمىز پەسكە.
كېچىكمەيمىز ھەر قاچان،
سىنىپقا، دەرسكە.

1981- يىل، قەشقەر

## بىزنىڭ ئېسىل مېۋىلەر

ئايلانماقتا يۇرتىمىز،
جەننەت - بېھىشكە.
گۈل- گۈلستان باغلىرى،
تولدى يېمىشكە.

مېۋىلەرنى ئوخشاتتى،
مېھنەت - ئەجرىمىز.
شۇڭا ئۇنى كۈيلەيدۇ،
ھۆرمەت شېئىرىمىز.

### ئۈجمە

شاخ - شېخىدا مەي بولغان،
دۇردانە ئۈجمە.
شۇنچە سېخى، بەرىكەتلىك
مەردانە ئۈجمە.

ياز دېگەننىڭ خوۋلىقى،
باشلىنار سەندىن.
سېنى ئارتۇق كۆرىمىز،
شىرنىدىن، قەندىن.

سەن پىشسەن ئۈجمىجان،
يىلدا ئۈچ نۆۋەت.
سېنىڭ مۇشۇ خىسلىتىڭ،
ھەممىدىن قىممەت.

## ئۆرۈك

ئالتۇن دەيمۇ، تىللامۇ،
ھەزرىتى ئۆرۈك.
باياشات ياز پەسلىنىڭ،
لەززىتى ئۆرۈك.

چېچەكلىگەندىن ئايرىلىپ،
غورا بولىسەن.
پىشقان چاغدا قۇرۇتساق،
خورما بولىسەن.

مېغىزىڭدا ئەي ئۆرۈك،
ئېتىمىز تىزىق؛
«قوشماق ئاداش» ئوينايمىز،
ئاجايىپ قىزىق....

## كۆكسۇلتان

رەڭگىڭ سېرىق ۋە سىلىق،
چۈچۈك كۆكسۇلتان.
مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە،
كىچىك كۆكسۇلتان.

سېنى كۆرسەك ئېغىزغا،
سېرىق سۇ كېلەر.
سېنى يىگىت – قىزچاقلار،
ئامرىقى بىلەر.

## گېلاس

مۇنچاق – مۇنچاق، قىپقىزىل،
شەربىتى گېلاس.
كۆركەم، چىمەن باغلارنىڭ
زىننىتى گېلاس.

باش باھاردا چېچەكلەپ –
ياشناپ كېتسەن.
گويا ئۈنچە مارجانغا،
ئوخشاپ كېتسەن.

سېنى قىزلار تالىشىپ،
ئالدۇ قولغا؛
چېكىسىگە چىقسەن،
ئايلىنىپ گۈلغا.

## ئەنجۈر

ئالتۇنرەڭلىك، ياپىلاق،
كەھرىۋا ئەنجۈر.

مېھرى ئىسسىق، خۇشپۇراق
تۇتىيا ئەنجۇر.

دەيدۇ سېنى كىشىلەر:
«جەننەت مېۋىسى»
ساڭا بارلىق مېۋىنىڭ
كېلەر ھەۋىسى.

سەندىن ئېسىل سۈپەتلىك...
مۇراببا بولۇر.
ئاڭا ھەر كىم كۆڭلىدىن،
مەھلىيا بولۇر.

## ئانار

قۇرۇق شاختا بولسەن،
ھېكمەتلىك ئانار.
يۇپيۇمىلاق، شەپەقتەك،
ھۇرمەتلىك ئانار.

كۆز چاقنىتىپ تۇرغۇچى،
شەربەت جامى سەن.
تەنگە قۇۋۋەت بەرگۈچى،
شىپا دورىسەن.

ئانار، سىنىڭ ئىچىڭدە
بالىلىرىڭ كۆپ؛
( گويا قىزىل مارجاندەك،
دانىلىرىڭ كۆپ ).

يەيمىز سېنى ئەي ئانار،
دانە ـ دانىلاپ...
سىنىڭ شۆھرەت ـ خىسلىتىڭ،
مەدھىيىلەشكە باپ.

## ئۈزۈم

لەئلى ياقۇت مىسالى،
رەڭدار سەن ئۈزۈم.
جەننەتتىمۇ نامىڭ بار،
داڭدار سەن ئۈزۈم.

ئۈزۈم گويا ياقۇتتەك،
چاقناپ تۇرىسەن.
تارتىنچاق كېلىنچەكتەك،
ماراپ تۇرىسەن.

سەندىن شاراپ ياسايدۇ،
ئىشچى تاغاملار؛
دورا ـ دەرمەك ئىشلەيدۇ،
دوختۇر ئاكاملار.

ساپاق - ساپاق پىشسەن،
بىردىشتە — تالدا.
دانىۇ ئەنگۈر قىلىمىز،
بىز خۇشال هالدا.

### شاپتۇل

چىرايلىقسەن، سۇلۇقسەن،
ئەي ئېزىز شاپتۇل.
قىيام بارمۇ ئىچىڭدە،
ئەي لېزىز شاپتۇل؟!

پىشقان چاغدا چۇشسەن،
يەرگە تورۇكلاپ.
ئىشتىهالىق ئولتۇرۇپ،
يەيمىز شوپۇكلاپ...

### ئالما

سەلتەنە تىلىك، سۇپسۇزۇك،
گۈزەلسەن ئالما.
يىگىت - قىزلار تىلىدا،
غەزەلسەن ئالما.

سەن پۇرايسەن گۇپۇلدەپ،
شېرىن، خۇشپۇراق.

يۆرەكلەردە قوزغايسەن،
چوڭقۇر ئىشتىياق.

مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە،
سەر خىل گۈلسەن.
كىم ئاتلانسا سەپەرگە،
«يوللۇق» بولسەن.

## چىلان

بويىغاندەك گۆش رەڭدە،
يۇملاق چىلان.
تەمى تاتلىق، قۇۋۇەتلىك.
سوقۇچاق چىلان.

مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە،
يېگانە ئۆزۈڭ.
ئىنسانلارغا پايدىلىق،
رەيھانە ئۆزۈڭ.

سەن پىششىنىڭ ئالدىدا،
بولسەن «كوس - كوس».
سېنى چىلان، قانچىكى
ماختىساق دۇرۇس!...

## ئاموت

نەشپۈت ئاموت، كۆك ئاموت،
ھەم قوتۇر ئاموت...
بېغىمىزلا يسەن يۈرەككە،
چىن ھوزۇر ئاموت.

قەن سالغانمۇ ئىچىڭگە،
خاسىيەتلىك سەن.
يۆتەل بولغان كىشىگە،
ئەھمىيەتلىك سەن.

يېڭى - يېڭى سورتلىرىڭ...
بولماقتا كەشىپ
يەيمىز سېنى ئەي ئاموت،
زوقىمىز ئېشىپ.

## ياڭاق

بۇدۇر - بۇدۇر، دۆڭگىلەك،
جاۋاھىر ياڭاق.
يەل - يېمىشلەر ئىچىدە،
سۇلتان - پىر ياڭاق.

شاراق - شۇرۇق قىلسەن،
شاكىلىك قاتتىق.
لېكىن، سېنىڭ مېغىزىڭ
شۇنچە كۆپ، تاتلىق.

سۇپەتلىك ياغ، دورىنىڭ
خام ئەشيىاسى سەن.
سانائەتنىڭ كېرەكلىك
بىر ھەمراھى سەن.

قىلىنىسەن ئەي ياڭاق،
چەتكە ئېكسپورت.
ئۆستۈرمەكتە ئارزۇلاپ،
سېنى ھەممە يۇرت.

## بېيە

رۇخسارىڭ سېرىق ئالتۇن،
شېپالىق بېيە.
بوغۇم - بوغۇم، قامەتلىك،
باھالىق بېيە.

سېنىڭ بىلەن ئۆي ئىچى،
پۇرايدۇ باغدەك.
تاجىسى سەن پولۇنىڭ،
پىشسەن ياغدەك

## جەڭگەلدە

كۆمۈش ياپراق، ساپ - سېرىق،
گۈلسەنەم جەڭگەلدە.
كۆز پەسىلدە پىششەن،
مۆھتەرەم جەڭگەلدە.

ئۆزۈك كىچىك، خىلىڭ كۆپ...
ئەتىۋارلىقسەن.
خەلقىمىزگە ئەزەلدىن،
بىباھالىقسەن.

خورمىسى سەن يۇرتۇمنىڭ،
شۇ قەدەر تاتلىق.
سېنى يېسەك دىللاردا،
ئۇرغۇيدۇ شادلىق.

## خاتىمە

يازغىنىمىز مىۋىنىڭ
پەقەت بىر قىسمى.
تېخى قوغۇن - تاۋۇزنىڭ...
چۈشمىدى ئىسمى.

پىستە ــ بادام، توغاچلار...
رەنجىپ قالماڭلار.
سىلەرنىمۇ يازىمىز،
كېيىن ئاڭلاڭلا.

1981 ــ يىل، قەشقەر

## يۈرەك تەشەككۈرى

(چاتما شېئىر)

### رەھمەت سىزگە دوختۇرلار

كەلدى بىزنىڭ مەكتەپكە،
بىر گۇرۇپپا دوختۇرلار.
(ئۆسمۈرلەرگە قەلبىدىن،
مۇھەببىتى چوڭقۇرلار.)

سوردىساڭلار، ئۇلارنى:
نېمە ئۈچۈن كەپتۇ؟ دەپ.
دەرھال جاۋاب بېرىمىز:
غېمىمىزنى يەپتۇ، دەپ.

ئۇلار ئاۋۋال جەدۋەلگە
ئىسمىمىزنى يېزىشتى.
ئاندىن بىزنى بىر ــ بىرلەپ،
تەكشۈرۈشكە كىرىشتى...

ئۆپكە بىلەن يۈرەكنى،
تەڭشىغۇچتا تەڭلىدى؛
ئېغىرلىقى قانچە، دەپ،
تېنىمىزنى جىڭلىدى.

كېسەلى بار دوستلارغا،
بەردى ھەقسىز دورىنى.
ئۆستۈردى شۇ دوختۇرلار،
ھەممىمىزنىڭ روھىنى.

دوختۇرلارنىڭ ئىشىدىن،
مەمنۇن بولدۇق باللار.
دېدۇق: «رەھمەت سىلەرگە،
دوختۇر ھەدە — تاغىلار!.

## نۇر تاغامنىڭ سوۋغىسى

چالغۇ ئەسۋاب ياسايدۇ،
ئىشچى تاغام نۇر ئەخمەت.
يۈرىكىدە بار ئۇنىڭ،
ئۆسمۈرلەرگە مۇھەببەت.

ئۆتكەن ھەپتە مەكتەپكە،
بىزنى يوقلاپ كەلدى ئۇ،
بىزگە چالغۇ ئەسۋابى،
سوۋغا قىلىپ بەردى ئۇ.

ئۇنىڭ بەرگەن سوۋغىسى،
ئىسكىرىپكا، ئىككى داپ.
بىر راۋابمۇ بار يەنە،
بىز چېلىشقا بەكمۇ باب.

سالام بېرىپ دېدۇق بىز:
«رەھمەت سىزگە، نۇر تاغا!
ئۆگىنىشكە چالغۇ ـ ساز،
ياردىمىڭىز زور، تاغا!»
ئۆتتۈندى ئۇ: «بۇ سازلار —
دوستۇڭلارغا ئايلانسۇن.
تۇرمۇشۇڭلار تېخىمۇ،
بېيىپ كەتسۇن، جانلانسۇن!»

## ھاكىم كەلدى مەكتەپكە

ناھىيىمىزنىڭ ھاكىمى،
كۆيەر مەكتەپ ئىشىغا.
پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ،
بىز بالىلار قېشىغا.

سىنىپلارنى ئارىلاپ،
بىزدىن ئەھۋال سورايدۇ.
مەمنۇن بولۇپ بالىلار،
ئەتراپىنى ئورايدۇ.

كۆپ بولسىمۇ خىزمىتى،
غېمىمىزنى يەيدۇ ئۇ.
«كىچىك دوستلار، تىرىشىپ،
ئۆگىنىڭلار» دەيدۇ ئۇ.

يېتىشمەيتتى مەكتەپنىڭ،
شىرە، جوزا - بەندىڭى.
بۇرۇندىلا يوق ئىدى،
رادىئوسى، خۇەندىڭى...

ھاكىم ئۆزى تەستىقلاپ،
شۇ نەرسىلەر ھەل بولدى.
ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك،
مەنقۇلاتلار تەل بولدى.

ھاكىم يەنە مەكتەپكە،
كەلدى ئۆتكەن ھەپتىدە.
شۇنچە مۇھىم سۆز قىلدى،
پەن - مائارىپ ھەققىدە:

«زامانىۋى ئەل قۇرۇش—
گۈزەل ئارزۇ - تىلەكتۇر.
شۇڭا بىزگە ئىلىم - پەن،
بەكمۇ زۆرۈر - كېرەكتۇر.

قانات بېرەر چۈنكى ئۇ،
مەنىز دىلسىپرى ئۇچۇشقا.
ئىرىشا يىلى ھەر دائىم،
بىلىم ئەھلى بولۇشقا...».

بىزگە ئىلھام، كۈچ بەردى،
ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى.
ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ،
ھاكىمنىڭ ئىش ئىزلىرى.
1981 - يىل، قەشقەر

## شائىر تاغام لۇتپۇللا

جاسارەتلىك ئەر ئىدىڭ،
چاقنايدىغان زەر ئىدىڭ،
دائىم «ۋەتەن» دەر ئىدىڭ،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

ئىلماس ئىدى قەلىمىڭ،
تالماس ئىدى قەدىمىڭ،
چوڭقۇر ئىدى بىلىمىڭ،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

يالقۇنلۇق شېئىر يازدىڭ،
دۈشمەنلەرگە گۆر قازدىڭ،

خەلقىمىزگە گۈل تىزدىڭ،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

ئازادلىقنى سۆيدۈڭ سەن،
ئەل ئىشقىدا كۆيدۈڭسەن،
ئىجاد بىلەن كۈلدۈڭسەن،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

دۈشمەنگە تىز پۈكمىدىڭ،
ئۆركەشلىدىڭ، چۆكمىدىڭ،
قارىغاي كەبى كۆكلىدىڭ،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

نامىڭ ئۇلۇغ سېنىڭكى،
شېئىرىڭ نۇرلۇق سېنىڭكى،
قەبرەڭ گۈللۈك سېنىڭكى،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

ئاڭلا، سېنى سېغىندۇق،
ھۆرمەت بىلەن ئېگىلدۇق،
ئىش - ئىزىڭنى ئەسلىدۇق،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

ئۆگىنىمىز سېنىڭدىن،
ئۈلگىرلەيمىز ئىزىڭدىن،

زوقلىنىمىز شېئىرىڭدىن،
شائىر ئاغام لۇتپۇللا.

1982 - يىل، قەشقەر

## قالىغاچ قوشىقى

ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ،
بولغىن ئىناق، تىنچ،
ئىتتىپاقسىزلىق،
پايدا بەرمەس ھېچ.

ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ،
دوستلۇق سۆيى ئىچ.
ئىتتىپاقلاشقىن،
ساۋاقداشلار زىچ.

ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ،
قەلبىڭ بولسۇن پېچ.
يامان ئىللەتكە،
دائىم تۇر قىلىچ.

1982 - يىل، قەشقەر

# كىتاب

مەن ئۈچۈن ھەر كۈندە ئاش ـ ناندەك مۇھىم، لازىم كىتاب،
مەن سېنى چەكسىز قەدىرلەپ قىلىمەن تازىم، كىتاب.

سېنى ئۆگەنمەك ئۈچۈن ئالسام قولۇمغا ھەر قاچان،
شاد كۈلۈپ يايرايدۇ كۆڭلۈم، گۈل باھار ـ يازىم كىتاب.

سەن مېنىڭ ئەقلىم كۈچى، ئۆگـەتكـۈچى، ئۆرلەتكۈچى،
سەن ئۈچۈن ياڭرار تەشەككۈر ـ ئالقىشىم، سازىم كىتاب.

ئەسلى بىر نادان ئىدىم، ھېچ نـەرسىنى بىلمەيدىغان،
كۈچكە تولدۇم چۈنكى سەن بولغاچقا ئۇستازىم كىتاب.

يېتىشىپ چىقمايدۇ ئەسلا سېنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ،
مەيلى دوختۇر ۋە مۇئەللىم، يازغۇچى، ئالىم... كىتاب.

سەن ئەقلىمنىڭ كەۋسىرى، پەنۇ ـ بىلىمنىڭ جەۋھىرى،
تۇتىيايىم، ئامرىقىم، كۆركەم چىمەنزارىم كىتاب.

سېنى سۆيدۈم، بۇ يېڭى ئۈزۈن سەپەرنىڭ يولىدا،
خەلقى ئالەمگە ئايان بولغىسى پەرۋازىم، كىتاب!...

## مېنىڭ ئامراق دوستلىرىم

### مېنىڭ سومكام چىرايلىق

مېنىڭكى بىر سومكام بار،
چىرايلىقلىقىدا.
تۇرار دەپتەر، كىتابىم...
رەتلىك، ئاقىدا.

تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ،
ئۇنى ئاسىمەن.
گۈزەل ئانا مەكتەپكە،
قەدەم باسىمەن.

ئايرىمايمەن سومكامنى،
يېنىمدىن ھەرگىز.
چۈنكى دەپتەر، كىتابىم،
قەدىرلىك، ئېزىز...

ھارماي - تالماي ئۆگىنىپ،
تولىمەن كۈچقا.
ئۆتكۈزمەيمەن ۋاقتنى،
بىكارغا - بوشقا.

### مەن كىنوغا بەك ئامراق

كىنو - كىنو، ئەي كىنو،
ئەجەب ياخشىسەن.

قىزىق ۋەقە، مۇزدىكا...
ياڭراق ناخشاسەن.

مەندە چوڭقۇر تەسىرات،
قوزغايسەن كىنو.
يۈرىكىمنىڭ قېتىغا،
ئورنايسەن كىنو.

كۆرسەم سېنى قىزىقىپ،
زالدا — كۈلۈپتا؛
ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى،
گويا فرونت-تا...

كىنو، ساڭا ئامراقمەن،
كۆرۈپ قانمايمەن.
ئىلھام ئېلىپ سېنىڭدىن،
ئالغا چامدايمەن.

## قول ياغلىق

قىزىل گۈلگە ئوخشايسەن،
كىچىككىنە قول ياغلىق.
ئۆزى يۇمشاق، چىرايلىق،
نەپچىلگىنە قول ياغلىق.

سېنى تۇتۇپ پاكىزە،
سۈرتىمەن قول، يۈزۈمنى...
شۇنچە تېتىك، كۆڭۈللۈك.
ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى.

قول ياغلىقىم، مەن سېنى،
ئايرىمايمەن يېنىمدىن.
تازىلىقنى ھەر قاچان،
سۆيىمەن چىن دىلىمدىن.

## قىزىل شار

قولىدىكى قىزىل شارنى،
قويۇپ بەردۇق بىر - بىرلەپ.
ئانا مەكتەپ تويىمنى،
چىن يۈرەكتىن تەبرىكلەپ.

ھەر رەڭ شارغا لىق تولدى،
كۆكۈش ئاسمان بوشلۇقى.
كۆرۈپ ئاشۇ شارلارنى،
تاشتى دىلنىڭ خۇشلۇقى.

1981 — 1982 - يىللار، قەشقەر

# ئۆگەن جەڭچى تاغاڭدىن

بىر تاپانچا ياساپتۇ،
ئوماق ئوغلۇم ئەستىللا.
كۆرۈپ ئۇنى شادلىنىم،
پەرۋاز قىلدى راستىنلا.

ئۇ دېدى: «بۇ تاپانچا —
ئامراق دوستۇم، قورالىم.
دوراپ جەڭچى تاغامنى،
ئۆگىنىمەن ھەر دائىم.

تاپانچامنى ئوينايمەن،
ئۆگىنىشنى ئويلايمەن.
ئۇستازلارنىڭ سۆزىنى،
ھەرگىز يەردە قويمايمەن...»

ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى،
ياراپ كەتتى كۆڭلۈمگە.
ئۆگەن جەڭچى تاغاڭدىن،
دېدىم مەنمۇ ئوغلۇمغا.

1982 - يىل، قەشقەر

# ئېتىزىم

لالە - رەيھان پۇرايسەن.
يېشىل تۇپراق - ئېتىزىم.
يۈرىكىمدىن مەن ساڭا،
شۇنچە ئامراق ئېتىزىم.

ساڭا نېمە تېرىساق،
شۇ ئۈنىدۇ، ئېتىزىم.
سەندە ھەر خىل كۆكتاتلار...
مول بولىدۇ، ئېتىزىم.

قۇچىقىڭدا ئۇخشىدى،
كېۋەز، بۇغداي...ئېتىزىم.
شۇڭا سېنىڭ چۆرەڭدە،
سايرار تورغاي، ئېتىزىم.

پاخلان بولدى قىرىڭدا،
زاراڭزىلار، ئېتىزىم.
سېنى گۈلگە ئورايمىز،
بالاڭزىلار، ئېتىزىم.

1982 - يىل، قەشقەر

## گۈزەل ئارزۇ

بەختىيار ئۆسمۈر بىز، ئىقبالغا باققان،
بىر گۈزەل ئارزۇ بار يۈرىكىمىزدە.
ئەل ئۈچۈن يارامLiق ئادەم بولىمىز،
كۈنسېرى ئۆگىنىپ كىچىكىمىزدە.

مەكتەپ-گۈل، بىز گويا ئالتۇن كېپىنەك،
يايرايمىز شۇ گۈلگە باغلاپ ئىشتىياق.
تىرىشچان باغۋەنگە ئوخشايدۇ ئۇستاز،
ئۇستازلار ياقىدۇ دىلغا نۇر چىراق.

ئىلىم - پەن بېغىنىڭ بۇلبۇلى بولۇپ،
سايرايمىز ئوت يۈرەك ئۆسمۈر - باللار،
سۆيىدۇ زوقلىنىپ پېشانىمىزگە،
قەدىردان ئۇستازلار، ئاتا - ئانىلار...

1983 - يىل، 7 - ئاي.

## تېپىشماق

تىلىڭ تاتلىق، قىزىقسەن،
ئەي تېپىشماق، تېپىشماق.
كۆڭۈللۈكتۇر بىز ئۈچۈن،
سېنى دائىم ئېيتىشماق.

قىسقا، ئىخچام بولغاچقا،
ئەستە ئاسان قالىسەن.
بىزنىڭ پىكىر قىلدۇرۇپ،
توغرا جاۋاب ئالىسەن.

سېنى ئامراق دوست تۇتتۇق،
قېشىمىزغا كېلىۋەر.
خۇشتار بىز تەپەككۇرغا،
بىزنى ئويغا سېلىۋەر.

ئەي تېپىشماق، بىز سېنى،
ئېيتىپ زادى تويمايمىز.
قانچە قىيىن بولساڭمۇ،
چوقۇم تاپماي قويمايمىز.

1983 - يىل، قەشقەر

## «سەككىز دوست» نىڭ سۆھبىتى

ئايدىلىك كېچە «سەككىز دوست»،
كەلدى يېشىل باراڭغا.
سىنچاي ئىچىپ، ئۈزۈم يەپ،
چۈشتى قىزغىن پاراڭغا.

قۇلاق سالدىم زوقلىنىپ،
بۇ «دوست» لارنىڭ سۆزىگە.

مېنى ئۇلار سۆھبىتى،
مەپتۇن قىلدى ئۆزىگە.

بىرسى دېدى: «كىشىلەر،
مېنى ‹ئىسىم — ئات› دەيدۇ.
ئۇنىڭ خىزمەت - ئىشىدىن،
بىز دائىما شاد، دەيدۇ.

ئادەم، نەرسە، ۋەقە ... نىڭ،
بىلدۈرىمەن نامىنى.
بىلدۈرىمەن ئۇلارنىڭ،
ئۇنۋانىنى - شانىنى.

كىم، نېمە؟ سوئالىغا،
جاۋاب بولۇپ كېلىمەن.
خىزمىتىمنى ھەر قاچان،
شەرەپلىك دەپ بىلىمەن...»

ئىككىنچىسى دەس تۇرۇپ،
دېدى: «گۈزەل ‹سۈپەت› مەن.
ئادەملەرگە، نەرسىگە،
يارىشىملىق زىننەتمەن.

بىلدۈرىمەن ئۇلارنىڭ،
رەڭگى، تۈرى، تەمىنى.

بىلدۇرىمەن ھەجمى ھەم —
مىجەز - خۇلقى، پەمنى ...

قانداق، دەپلا سوراۋەر،
جاۋاب بېرىش مېنىڭدىن.
ئېسىل ئەخلاق - ياخشى نام،
ھېچ كەتمىسۇن يېنىڭدىن ...»

ئۇچىنچىسى سۆز ئېلىپ،
دېدى: «‹سان› دەپ نامىم بار.
ھېساب - كىتاب ئىشىدا،
ماغدۇرۇم بار - جانىم بار.

ئادەم بىلەن نەرسىنىڭ،
بىلدۇرىمەن سانىنى.
ئىپادىلەپ بېرىمەن،
تەرتىپىنى، خانىنى ...

سورا قانچە، نەچچە؟ دەپ،
ئۇ ماڭا بەك خاس سوئال.
قانچىنچى ۋە نەچچىنچى؟
دېگەنلەرمۇ ماس سوئال ...»

تۆتىنچىسى خۇش كۇلۇپ،
دېدى: «شۇنداق ‹ئالماش› مەن.

ئىسىم، سۈپەت، سان بىلەن،
جۈملىلەردە تەڭداشمەن.

ئاشۇلارنىڭ ئورنىغا،
ئالمىشىپ كېلەلەيمەن.
ئۇلار بىلەن ئوخشاشلا،
مول مەزمۇن بېرەلەيمەن...»

ئىسىمدۇر «پېئىل» دېدى،
بەشىنچىسى سۆز باشلاپ.
(ئۆزى شۇنچە ھەرىكەتچان،
ھەر تەرەپكە كۆز تاشلاپ):

«ئىش ھەرىكەتنى بىلدۇرمەك،
مېنىڭ مۇھىم خىزمىتىم.
بولمىغاندا ھەركەتلەر،
ئاشماس ئىدى ھۆرمىتىم.

نېمە قىلدى؟ نېم بولدى؟
سوئالنى قوي ماڭا.
ئاڭا جاۋاب بەرگەندە،
بولۇر گويا توي ماڭا...»

ئالتىنچىسى دېدىكى:
«‹ياردەمچى سۆز› دېگەن مەن.

جۇملىلەرنى باغلاشنىڭ،
زەنجىرىمەن، بەلەنمەن.

مەن بولغاچقا دوستلىشار،
ئاددىي جۇملە - بۆلەكلەر.
تولۇق مەزمۇن بېغىدا،
ئېچىلىدۇ چېچەكلەر...»

يەتتىنچىسى زوق بىلەن،
دېدى: «ئېتىم ‹رەۋىش› دۇر.
ۋەزىپەم: ئىش - ھەرىكەتنى،
چوڭقۇر بايان قىلىشتۇر.

ئىش - ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەن،
قاچان، قانداق، قەيەردە؟
ئاڭا جاۋاب بېرىمەن،
سورىساڭلار ئەگەردە.

مەن يۈرىمەن دائىما،
‹پېئىل› بىلەن باغلىنىپ.
شادلىقىمدۇر: جۇملىلەر
كۆلۈپ كەتسە جانلىنىپ...»

ئاخىردا بىرەيلەن،
دېدى خۇشال: «‹ئىملىق› مەن.

ئۆزۈم كىچىك بولساممۇ،
تەرىپكە باي، ئىللىقمەن ...

ھېس - تۇيغۇلار جۇملىدە،
پەيدا بولۇر مەن بىلەن.
دەيدۇ شۇڭا جۇملىلەر:
«كۆركەم بولدۇق سەن بىلەن»

ئۇلار تەكشى تىزىلىپ،
دېدى مەغرۇر، چاراقلىق:
«سەككىزىمىز ئايرىلماي،
يۈكسىلىمىز داۋاملىق.

سۆز تۈركۈمى ئاتالدۇق،
ئۇيغۇر ئانا تىلىدا.
مەڭگۈ ياشار نامىمىز،
خەلقىمىزنىڭ دىلىدا.

لېكىن بىزنى بەزىلەر،
ئۆگەنمىدى پۇختىراق.
ئىشلەتكەندە شۇڭلاشقا،
بولۇپ قالدۇق چولتىراق.

گۈزەل ئانا تىلىمىز،
مەشھۇر تۇرسا ئالەمگە.

ئۇنى پۇختا بىلمەسلىك،
سەت ئەمەسمۇ ئادەمگە؟! ...

شۇ سەۋەبتىن جەم بولۇپ،
بايان قىلدۇق پىكىرنى.
ئۆگەنگەنلەر بىزگە چىڭ،
باغلىسىكەن مېھرىنى.

كىمكى مېھىر باغلىسا،
ئالار بىلىم - چۈشەنچە.
قوللىنىشقا بىزنى دەل،
ئاشار غەيرەت - ئىشەنچە ...»

× ×

«سەككىز دوست» نىڭ سۆھبىتى،
ئىلھام بەردى دىلىمغا.
كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسەم،
بۇلبۇل قونار تىلىمغا.

1983 - يىل، قەشقەر

## باھار قوشاقلىرى

### باھار كەلدى

قىش بوۋاينى قېرىتىپ،
قار - مۇزلارنى ئېرىتىپ.

يەر ـ جاھاننى ئىللىتىپ،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

جان ـ جانۋارلار مىدىرلاپ،
قالغاچلار ۋىچىرلاپ.
كۆك مايسىلار پىچىرلاپ،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

ئېچىلىپ گۈل ـ چېچەكلەر،
تەڭگە بولۇپ تېرەكلەر.
پەرۋاز قىلىپ لەگلەكلەر،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

سۇغا تولۇپ ئېرىقلار،
پىلتىڭ ئېتىپ بېلىقلار.
كۆكىرىپ تال ـ چىۋىقلار،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

كۆلدە پاقا كۇركىراپ،
ئىللىق شامال غۇرقىراپ.
چاقپېلەكلەر پىرقىراپ،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

كېيىپ يېشىل چاپاننى،
ئىشقا چىللاپ دېھقاننى.

جانلاندۇرۇپ ھەريانىنى،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

كېلىڭ دوستلار ئوينايلى،
دەريا بويى بويلايلى.
شاد - ناخشىلار توۋلايلى،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

## بىز باھاردا تۇغۇلغان

بىز سۆيۈملۈك باللار،
گۈل باھاردا تۇغۇلغان.
شۇ باھارنىڭ نۇرلىرى،
قەلبىمىزگە قويۇلغان.

ئۆسمەكتىمىز بەختىيار،
باھار كۈلگەن ۋەتەندە.
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمىز،
گۈلزارلاردا چىمەندە.

دىل رىشتىمىز باغلانغان،
ۋەتەن - ئالتۇن دىيارغا.
قەلبىمىزنىڭ كۈيلىرى،
ئاقار مەڭگۈ باھارغا!...

## مەڭگۈلۈك باھار

«باھار پەسلى ئېسىل» دېرى،
ھەممە ئادەم ئەزەلدىن.
شۇڭا ئۇنى ماختىشىپ،
چۈشۈرمەيدۇ غەزەلدىن.

بىزنىڭ ئانا ۋەتەندە،
بىر باھار بار، كەتمەيدۇ.
باھار پەسلى ھېچقاچان،
ئۇ باھارغا يەتمەيدۇ.

ئۇ باھاردۇر مەڭگۈلۈك،
بەختىمىزنىڭ باھارى.
ئۇ باھاردۇر دوستلىرىم،
قەلبىمىزنىڭ باھارى.

شۇ باھارنىڭ نۇرىنى،
پارتىيىمىز چاچماقتا.
گۈزەل ئىقبال، كېلىچەك،
بىزگە قۇچاق ئاچماقتا.

1983 – يىل، قەشقەر.

# بىز بەختىيار بالىلار

(ئېيتىشىش)

ئا: تونۇشتۇراي ئۆزۈمنى،
مېنىڭ ئىسمىم دولقۇندۇر.
پەن - بىلىمنىڭ ئىشقىدا،
يۈرەك - قەلبىم يالقۇندۇر.

ب: مەنمۇ سۆزلەي ئاز - تولا،
مېنىڭ ئىسمىم ئۇچقۇندۇر.
ئىلىم - ئىرپان مەن ئۈچۈن،
تۇتىيادۇر - ئالتۇندۇر.

بىرلىكتە: ئاتا - ئانا ئۇستازلار،
بىزدىن بەكمۇ مەمنۇندۇر.
ساۋاقداشلار ھەرقاچان،
ئىشىمىزغا مەپتۇندۇر.

ئا: سەھەر تۇرۇپ ھەر كۈنى،
مەكتەپكە يول ئالىمەن.
كۆڭۈل قويۇپ دەرسلەرگە،
قەلبىمگە نۇر ئالىمەن.

ب: يايراپ كېتەر يۈرىكىم،
مەكتەپ دېسە، دەرس دېسە.
ئىشەنمەيمەن زادىلا.
ئۆگىنىشنى تەس دېسە.

بىرلىكتە: غەيرىتى بار كىشىنىڭ،
غەلبىسى قوش، كۆڭلى خوش.
قەلبىمىزگە نۇر چاچار،
«تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش».

بىز بەختىيار باللار،
ئۆسمەكتىمىز شادلىنىپ.
ئىلگىرىلەيلى تېخىمۇ،
مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىپ.

1983 - يىل، قەشقەر

## ئىلىم - پەن

ئۆگەنگەن ھەر كىشىنى،
شادلاندۇرار ئىلىم - پەن.
ئانا ۋەتەن ئىشىنى،
جانلاندۇرار ئىلىم - پەن.

ئۆچمەس چىراغ ياندۇرۇپ،
ئۇنتۇلماس ئىز قالدۇرۇپ.

شانلىق تارىخ بېتىنى،
نۇرلاندۇرار ئىلىم - پەن.

يېڭىپ توسقۇن - جاپانى،
گۈللەش ئۈچۈن دۇنيانى.
ئەمگەكچىگە كۈچ بېرىپ،
روھلاندۇرار ئىلىم - پەن.

دەيمىز شۇڭا: خىسلىتىڭ،
شان - شەرىپىڭ، قۇدرىتىڭ.
خەلقى ئالەم كۆڭلىنى،
زوقلاندۇرار ئىلىم - پەن.

1983 - يىل، قەشقەر

## روشەنگۈل

ئۇن ئىككى ياشلىق،
روشەنگۈل ئاتلىق.
گەپ - سۆزى تاتلىق،
ئوماق قىزىم بار.

گالستۇك تاقىقان،
مۇلايىم، چاققان.

ئەلگە خوپ ياققان،
ئامراق قىزىم بار.

چىچەن، تىرىشچان،
تېتىك ۋە ئىشچان.
كەمتەر، مېھرىبان...
پاك دىل قىزىم بار.

ئىشتا يارامىلىق،
ئەدەب - ئەخلاقلىق.
قەلبى چىرايلىق،
ساپ دىل قىزىم بار.

قولىقى يۇمشاق،
بەكمۇ خۇشچاقچاق.
ئىقبالى پارلاق،
گۈزەل قىزىم بار.

دەرستە ئەلاچى،
ياخشى باشلامچى.
دوستلار تىلىدا،
غەزەل قىزىم بار.

1983 - يىل، قەشقەر

# سىم - سىم يامغۇر

كۆكۈش رەڭلىك ئاسىمانلىن،
لەرزان، سىم - سىم ياغ يامغۇر.
سېنى قارشى ئالىدۇ،
ئېتىز - دالا، باغ... يامغۇر.

سەن شىۋىرلاپ ياغقاندا،
ھاۋا سالقىن بولىدۇ.
گۈل چېچەكلەر بەرگىگە،
ئۈنچە - مارجان قونىدۇ.

ئېرىقلاردا كۆمۈش سۇ،
نەغمە قىلىپ ئاقىدۇ.
رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن،
بەزگە كۈلۈپ باقىدۇ.

لېكىن، يامغۇر سەن بىزنىڭ
سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن:
دەھشەت سېلىپ شارقىراپ،
ھەرگىز تولا ياغمىغىن؛

ياغساڭ ئەگەر دەھشەتلىك،
قىيان - كەلكۈن كېلىدۇ.

سىلىپ ئەندىش - ۋەھىمە،
يۇرتنى ۋەيران قىلدۇ.

...

شۇڭا يامغۇر، سىم - سىم ياغ،
يۇرەكلەرنى سەگىتىپ.
بىز ئوقۇيلى خاتىرجەم،
ئۇستازلارغا ئەگىشىپ.

قەشقەر، 1983 - يىل

## ئۆكتەبىر قوشىقى

ئۆكتەبىر ئۇ، ئېلىمگە،
بەخت تېڭى ئاتقان كۈن.
زۇلۇم - زۇلمەت مەڭگۈگە.
ئۆز گۆرىگە پاتقان كۈن.

... بىر چاغ ۋەتەن ئاسمىنى،
تولغان قارا تۇتەككە.
قايغۇ - ئەلەم خەنجىرى،
سانجىلاتتى يۇرەككە.

جاھانگىر، ئەزگۈچىلەر،
ئېلىمنى خاراب قىلغان.

مىليونلىغان يوقسۇلنىڭ،
قېنىنى شاراب قىلغان.

يەتكەندى چېكىگە،
خەلقىمىزنىڭ غەزىپى.
دەيتتۇق: بىر كۈن بىزگىمۇ،
چۈشەر بەخت ئاپتىپى.

× ×

تاڭمۇ ئاتتى، قىزىلنۇر
ئۇيىندى ئەل كۆكسىدە.
جاكالاندى بەختىمىز،
تيەنئەنمېن ئۈستىدە.

شۇ تاڭ بىلەن ۋەتىنىم،
بولدى مەڭگۈ ئازاد ئەل.
مېھنەت بىلەن ياشنىغان،
مىسلى گۈزەل، ئاۋات ئەل.

بۈگۈن ياشار خەلقىمىز،
چەمەن بەختنىڭ قوينىدا.
ھەر ئىشىمىز غەلىبىلىك،
سوتسىيالىزم يولىدا.

ۋەتىنىمىز ئايدىڭلاندى،
گۈلىستانغا – گۈلشەنگە.
شۆھرىتىمىز تەگمەكتە،
زەربە بولۇپ دۈشمەنگە.

بىزنىش ئۇچۇن ئاتلاندۇق،
كوممۇنىزىم – غايىگە.
ئەگىشىمىز ئەبەدى،
پارتىيىگە، داھىگە!...

1983 – يىل، قەشقەر

## تازىلىقنى سۆيىمىز

(چاتما شېئىر)

### تازىلىق

ئادەت بىزگە تازىلىق،
راھەت بىزگە تازىلىق.
زىننەت بىزگە تازىلىق،
خىسلەت بىزگە تازىلىق.

چىن يۈرەكتىن سۆيىمىز،
شۇنچە ياخشى كۆرىمىز.
شەرەپلىك ئىش بىلىمىز،
قىممەت بىزگە تازىلىق.

مۇھىتنى گۈل قىلىشتا،
پاكىز، رەتلىك بولۇشتا.
مەدەنىي ئەل قۇرۇشتا...
قۇدرەت بىزگە تازىلىق.

تەنني ساغلام قىلىدۇ،
چەكسىز ئىلىم بېرىدۇ؛
كۆڭۈلنى شاد ئېتىدۇ،
مەدەت بىزگە تازىلىق.

ھاياتلىقتا رولى كۆپ،
ئېچىلدۇرار گۈلى كۆپ؛
ئەھمىيەتلىك يېرى كۆپ—
خىزمەت بىزگە تازىلىق.

## جانان چىمەندەك پاكىز

مەكتىپىمىز مۇھىتى،
دائىم گۈزەل تۇرىدۇ.
شۇڭا بىزنىڭ دىللاردا،
خۇشاللىق جۇش ئۇرىدۇ.

مەيلى سىنىپ، ئىشخانا،
ئىشىك - دېرىزە، تام - تورۇس؛
مەيلى مەيدان، چايخانا...
تازىلىنار راۋۇرۇس.

كۆكۆلمەيدان ھەممە يەر،
كۆرۈنمەيدۇ چاڭ - توزان.
رەتلىك كىيەر كىيىمنى،
ساۋاقداشلار ھەرقاچان.

ھەتتا بۇلۇڭ - پۇچقاقتا،
يوقتۇر ئەخلەت، تور دېگەن.
رۇخسارىدا مەكتەپنىڭ
يالتىرايدۇ نۇر دېگەن.
...
تازىلىقنى يۈرەكتىن،
سۆيگەچ بارلىق ئوغۇل - قىز؛
مەكتىپىمىز قۇچىقى،
جانان چىمەندەك پاكىز.

## چىش ئاسرايلى مۇختەردەك

مۇختەر دەيدۇ ھەمىشە:
«چىشنى ئاسراش ئادىتىم».
چىش يۇيار ئۇ چوتكىلاپ،
ھەر كۈنلۈكى بىر قېتىم.

ئۇ، چىشىدا ھەرگىزمۇ،
ئۆچكە، ياڭاق چاقمايدۇ.
چىش كولاشتەك ئادەتلەر...
ئاڭا پەقەت ياقمايدۇ.

ئىسسىق، سوغۇق نەرسىنى،
بىرلا چاغدا يېمەيدۇ.
شۇڭا ئۇنىڭ چىشىغا،
زادى ئاغرىق كىرمەيدۇ.

قاراڭ، ئۇنىڭ چىشلىرى،
پارقىرايدۇ مەرمەردەك.
چىشىمىزنى ئاسرايلى،
بىزمۇ دائىم مۇختەردەك.

1983 - يىل، قەشقەر

## قەلبى ئوتلۇق پىئونېرلار بىز

يۈرىكى ئوتلۇق،
ئەدەبلىك، روھلۇق.
ئىشلىرى قۇتلۇق،
پىئونېرلار بىز.

ئىقبالغا باققان،
ھەركەتتە چاققان.
دەرستە تىرىشچان،
پىئونېرلار بىز.

خۇشال، بەختىيار،
قەلبى بىغۇبار.

ياخشى ئىز باسار،
پىئونېرلار بىز.

ۋەتەننى سۆيگەن،
پەن ئۈچۈن كۆيگەن.
ئالغا ئۆرلىگەن،
پىئونېرلار بىز.

1983 - يىل، قەشقەر

## تەنەپپۇس

ھەر سائەتلىك دەرس تۈگەپ،
بولۇر تەنەپپۇس.
ئۆتكۈزىمىز بىز ئۇنى،
جۇشقۇن، راۋۇرۇس.

ئۇنىڭ ۋاقتى شۇقەدەر،
بولسىمۇ قىسقا.
مەزمۇنغا باي ئىش قىلىپ،
تولىمىز ھېسقا...

جاراڭلايدۇ ھەريادا،
شاتلىق كۈيلىرى.
قىزىپ كېتەر ئويۇنىنىڭ،
ھەر خىل تۈرلىرى:

گاھى ئارقان تارتىمىز،
سىنىپلار ئارا.
گاھى گېزىت ئوقۇيمىز،
بېرىلىپ تازا.

گاھى چۈشۈپ كېتىمىز،
قىزغىن سۆھبەتكە:
يول قويمايمىز ھېچقاچان،
يامان ئىللەتكە.

كۆلۈپ ئويناپ خاتىرجەم،
ئالىمىز ئارام.
ھەر تەنەپپۇس ۋاقتىمىز،
ئۆتەر شاد - خۇرام.

1983 - يىل، قەشقەر

## بىزنىڭ شادلىقىمىز

(چاتما شېئىر)

### بىزنىڭ جاۋاب

سوراڭ بىزدىن مۇئەللىم،
ئامرىقىڭلار نېمە دەپ.
سوراڭ يەنە بىزلەردىن،
شادلىقىڭلار نېمە دەپ.

بىردەك جاۋاب بېرىمىز،
بىز ئۆسمۈرلەر ئۈنىڭغا.
ئەي قەدىردان مۇئەللىم،
قۇلاق سېلىڭ بۇنىڭغا.

ئىلىم — پەندۇر مەڭگۈلۈك،
ئامرىقىمىز بىزنىڭكى،
ئۇنى ھارماي ئۆگىنىش،
شادلىقىمىز بىزنىڭكى.

## گىمناستىكا ئوينايمىز

گىمناستىكا ئويناشنىڭ،
ئەۋزەللىكى نۇرغۇندۇر.
ئادەتلەنسە كىم ئاڭا،
كەيپىياتى جۇشقۇندۇر.

گىمناستىكا ئوينىساق،
يۈرىكىمىز شادلىنار.
بەدەن — مۇسكۇل تېخىمۇ
چىڭىپ بارار، جانلىنار.

تېنىك — ساغلام بولۇشنى،
ھەر دائىما ئويلايمىز.
ناخشا ئېيتىپ، تىزىلىپ،
گىمناستىكا ئوينايمىز.

گىمناستىكا بەك ياخشى،
بەك خۇشتار بىز ئۇنىڭغا.
ھورۇنلۇققا يول بەرمەي،
قاتنىشايلى بۇنىڭغا.

## مۇز ئۈستىدە

ئەينەكتەك سىلىق،
كەڭ ۋە چىرايلىق.
ئويناشقا ئەپلىك،
مۇز مەيدانىمىز.

ياخشى كىيىنىپ،
ئۇ يەرگە بېرىپ،
غۇي - غۇي تېيىلىپ،
يايرار جانىمىز.

سوغ قىش پەسلىدە،
كۆك مۇز ئۈستىدە،
ئېچىلدى گويا،
قىزىل چېچەكلەر.

روھلىنىپ شۇنچە،
تېيىلساق قانچە،
توڭمايمىز قىلچە،
بىز ئوت يۈرەكلەر.

## ئەمگەك قىلىش شەرەپلىك

دۇنيادا ئەڭ شەرەپلىك،
كۆرىمەن سىنى ئەمگەكىم.
يۈرىكىمدىن ھەر قاچان،
سۆيىمەن سىنى ئەمگەكىم.

تاغنى تالقان، چۆلنى باغ-
ئەتكىنىم سەن ئەمگەكىم.
گۈزەل ئىقبال بېغىشغا،
يەتكىنىم سەن ئەمگەكىم.

تولار سەندىن ئېتىزلار،
مول ھوسۇلغا ئەمگەكىم.
سېنى كۈيلەپ چۈشتۇق بىز-
شوخ ئۇسسۇلغا ئەمگەكىم.

سېنى سۆيگەن ھەر كىشى-
ئىشچانلاردۇر، ئەمگەكىم.
سەندىن نېرى قاچقانلار،
مىشچانلاردۇر، ئەمگەكىم.

## «يارايدۇ بۇ ئىشچىلار!»

ياز كۈنلىرى يەغقانتۇق،
پارچە - پۇرات تۆمۈرنى-

قىش كۈنلىرى يىغدۇق بىز،
چالا كۆيگەن كۆمۈرنى.

بىز يىغقان شۇ كۆمۈرلەر،
ئاشتى يېرىم توننىدىن.
بۇنى كۆرۈپ مۇئەللىم،
خۇرسەن بولدى كۆڭلىدىن.

دېدى بىزگە زوقلىنىپ:
«يارايدۇ بۇ ئىشىڭلار!
ئىقتىساتچىل ئىش كۆرۈپ،
ئۆتسۇن يازۇ - قىشىڭلار...»

1984 - يىل، قەشقەر

## نوتا ئۆگەندۇق

چىن كۆڭۈلدىن قىزىقىپ،
ئۆگەندۇق بىز نوتىنى.
«دو، رەي، مى، فا، سو، لا، شي...»
قوزغايدۇ دىل زوقىنى.

ئۇنى بىزگە ئۆگىتەر،
ئوقۇتقۇچى زەينىدىن.
ئۇ يېتەكلەپ ئوقۇيدۇ،
ئەگىشىمىز كەينىدىن.

جاراڭلايدۇ رېتىملىق،
شات ئاۋازلار، ئاھاڭلار.
نېمىدېگەن يېقىملىق،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار.

1984 - يىل، قەشقەر

## تاپشۇرۇق

ئوقۇتقۇچى ھەر دائىم،
بېرەر بىزگە تاپشۇرۇق.
ئۇنى يېزىپ ئالىمىز،
شۇنىڭغا رەتلىك ھەم ئوچۇق.

تاپشۇرۇقلار بىزلەرنى،
ئىزدىنىشكە سالىدۇ.
ئۆتكەنگەن دەرس - بىلىملەر،
ئەستە ئوبدان قالىدۇ.

تاپشۇرۇقلار بىزدىكى،
كەم بىلىمنى تولدۇرار.
ئاڭا كۆڭۈل بۆلمىسەك،
دەرستە كېيىن قالدۇرار.

ھەرگىز تۆۋەن چاغلىماي،
تاپشۇرۇقنىڭ رولىنى.

كۆپلەپ ئېچىلدۇرايلى،
ئەلاچىلىق گۈلىنى.

1984 - يىل، قەشقەر

## خاتىرە

ئۆگىنىشتە تىرىشچان،
ئوماق سىڭلىم ماھىرە،
كۈنلۈك قىلغان ئىشىدىن،
يېزىپ ماڭار خاتىرە.

يازىدۇ ئۇ دەرسلەردىن،
يۈز ئالدىمۇ، توقسانمۇ؟
يازىدۇ ئۇ، قىلغىنى —
ياخشى ئىشمۇ، نۇقسانمۇ؟

يازىدۇ ئۇ شۇ كۈنى
كۆرسە قانداق يېڭىلىق...
يازىدۇ ئۇ دوستلارغا،
يەتكۈزدىمۇ ئىللىقلىق.

سورىدىم مەن بۇ ئىشنى،
زادى قانداق نەپ بەردى؟
كۈلۈپ تۇرۇپ ماھىرە،
ماڭا مۇنداق دەپ بەردى:

— كۈندىلىك ھاياتىمنىڭ،
يەكۈنى بۇ خاتىرە.
تۇرمۇشۇمنىڭ قىسقىچە،
مەزمۇنى بۇ خاتىرە.

بۇنى يازسام، ئىشلىرىم
ئۆتىدۇ كۆز ئالدىمدىن.
ئېسىل خىسلەت يارىتىش،
چىقماس زادى يادىمدىن...

سىڭلىمنىڭ بۇ سۆزلىرى،
روھلاندۇردى مېنىمۇ.
ئاكا مېھرىم دەرياسى،
دولقۇنلىدى تېخىمۇ.

1984 - يىل، قەشقەر

## ئاكا دېيىش نومۇسمۇ؟

ئىككى بالا سۆزلىشەر،
(بىرى كىچىك، بىرى چوڭ.)
نېمىشقىدۇر ئۇلاردىن،
كىچىككىنىڭ گېپى توڭ.

چوڭى شۇنچە ئىززەتلەپ،
سۆزلەۋاتسا ئۇكام دەپ؛

سەكرەپ كەتتى كىچىكى:
سەن قانداقچە ئاكام؟ دەپ.

ئۆيدە مېنىڭ ئاكام بار،
دېدى يەنە كىچىكى.
بۇ سۆزلەردىن چوڭىنىڭ،
ئازابلاندى يۈرىكى.

قېنى، ئاشۇ بالىنىڭ،
قىلغان گېپى دۇرۇسمۇ؟
يېشى چوڭنى ھۆرمەتلەپ،
ئاكا دېيەش نومۇسمۇ؟

ھۆرمەت قىلىش چوڭلارنى،
نومۇسلۇق ئىش ئەمەستۇر.
قەلبىمىزدە ئۇلارغا،
ھۆرمەت كۆيى پەۋەستۇر.

ئېسىل خىسلەت ئۆز ئارا،
ئاكا - ئۇكا دەپ ئاتاش.
ئەمەسمۇ بىز ئەزەلدىن،
نەسلى بىر قان - قېرىنداش!

1984 - يىل، قەشقەر

# ئاش ئېتىشنى ئۆگەندىم

(پىئونېر قىز تىلىدىن)

هەر خىل تاماق ئېتىشنى،
ئۆگەندىمەن ئانامدىن.
ئانام دەيدۇ زوقلىنىپ:
«ئايلىناي، سەن بالامدىن!».

ئېتەلەيمەن ئوخشىتىپ،
شويلا، پولۇ، گاڭفەننى.
ئېتەلەيمەن سەي قورۇپ،
سۇيقاش بىلەن لەغمەننى.

تۈگەلەيمەن چىرايلىق،
جۇۋاۋا ۋە چۆچۈرە.
كېسەلەيمەن ئاش يېيىپ،
چاچتەك ئىنچىكە ئۈگرە...

ياردەملىشىپ ئانامغا،
بىللە تاماق ئېتىمەن.
دادام، ئۇكام يىگەندە،
خۇشاللىنىپ كېتىمەن.

1984 - يىل، قەشقەر

## ئۈلار ئىككىسى

شەمبە كۈنى، ئىككى دوست،
بىر پىلاننى تۈزۈشتى.
دەرياسىدا شادلىقنىڭ،
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈشتى.

× ×

كەلدى ئۇلار تاڭ سەھەر،
مەكتىپىگە ئەتىسى.
قوللىرىدا بار ئىدى،
مىخ ۋە بولقا، كەكسى...

ئۇلار تېخى ئون ئۈچتە،
سورىساڭلار يېشىنى.
ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن،
ياغاچچىلىق ئىشىنى.

ئۇلار ئىشقا كىرىشتى،
ۋاقىتنى چەك تىزگىنلەپ.
ئوتتۇز جوزا - بەندىڭنى،
رېمونت قىلدى بىر - بىرلەپ...

بولدى ئىشى سۈپەتلىك،
دوستلار ھەيران قالغۇدەك.
يېڭىلاندى جوزىلار،
سۈرىتىنى ئالغۇدەك.

ئۇلار ھەتتا ئۆيىگە،
قايتىشمىدى چۈشتىمۇ.
ھېس قىلمىدى ھارغىنلىق،
قىلىپ نۇرغۇن ئىشنىمۇ.

سائەت ئالتە بولغاندا،
قايتتى ئۇلار شاد - خورام.
كەچكى شەپەق نۇر چېچىپ،
بىلدۈردى چەن ئېھتىرام.

ئۇلارنى كىم دېسەڭلار،
ئەختەم بىلەن ئەكرەمدۇر.
ئۆزى چەۋەر، قولى گۈل،
ئىرادىسى مەھكەمدۇر.

1984 - يىل، قەشقەر

## قىزىم

ۋىلدىق - ۋىلىق كۈلسەن،
تاتلىق قىزىم، قەن قىزىم.

يۈرىكىمنىڭ ئارامى—
خۇشاللىقى سەن قىزىم.

قىلىقلىرىڭ چىرايلىق،
ئەجەب خۇشخۇي، ئوماقسەن.
ئۆيىمىزگە نۇر چېچىپ،
ياندۇرغۇچى چىراغسەن.

«دادا...» دېسەڭ ئەركىلەپ
تېنىم يايراپ كېتىدۇ.
باسسام سېنى باغرىمغا،
بېشىم كۆككە يېتىدۇ.

چىقتى تىلىڭ، ئايىغىڭ،
يېشىڭ تېخى ئىككىدە.
ئۆسمەكتىسەن كۈنسېرى،
بەختىيارلىق ئىلكىدە.

قىزىم ساڭا تەلپۈنۈپ،
شېرىن خىيال سۈرىمەن.
خىيالىمدا كەلگۈسى،
ئىشلىرىڭنى كۆرىمەن...

ئارزۇلايمەن بالدۇرراق،
چوڭ بولساڭكەن، ئۆسسەڭكەن.

دېڭىزىدا بىلىمنىڭ،
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزسەڭكەن.

ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن،
شانۇ - شەرەپ قۇچساڭكەن.
غەلبە - زەپەر گۈلىنى،
پارتىيەگە تۇتساڭكەن.

ئۆسكەن قىزىم، جان قىزىم،
ئۈمىدىم زور سېنىڭدىن.
قەلبى ياقۇت قىز بولۇپ،
رەھمەت ئالغىن مېنىڭدىن.

1984 - يىل

## ئوغلۇمنىڭ تەشەببۇسى

چەككەندىم تاماكا،
شۇنچە قاتتىق يۆتەلدىم.
شۇ يۆتەلنىڭ دەستىدىن،
رەڭگىم ئۆچۈپ كۆكەردىم.

ئوغلۇم شۇ چاغ چاي سۇنۇپ،
دېدى: «دادا، ئىچكىنە!
بولدۇڭ بەكمۇ بىمارام،
يېتىۋالغىن تىنچقىنە...»

بېسىقاندا يۆتىلىم،
ئوغلۇم يەنە سۆزلىدى.
(ئېھتىمال ئۇ كۆڭلىدە،
بىر مەقسەتنى كۆزلىدى):

«تاڭلا دادا، گېزىتتىن
ئوقۇدۇم بىر ساۋاتنى.
دەپتۇ ئۇندا تاماكا—
قىسقارتىدۇ ھاياتنى.

نىكوتىن دەپ ماددا بار،
تەركىبىدە ئۇنىڭكى.
زەھەرلەيدۇ ئادەمنى،
داۋلىسى بار بۇنىڭكى.

ئېلىپ كېلەر تاماكا،
ساغلام تەنگە زەئىپلىك.
شۇ زەئىپلىك ئاخىرى،
ھايات ئۈچۈن خەۋپلىك...

جېنىم دادا، شۇڭا سەن،
تاماكىنى تاشلىغىن.
خالى بولۇپ كېسەلدىن،
ساغلام، خۇشال ياشىغىن».

ئوغلۇمنىڭ بۇ سۆزلىرى،
سالدى مېنى ئويلاشقا.
بەلنى مەھكەم باغلىدىم،
تاماكىنى تاشلاشقا...

شۇندىن بۇيان مەندە يوق،
يا ھاسىراش، يا يۆتەل.
ئوغلۇم قىلغان تەشەببۇس،
بولدى ماڭا قەنت - ھەسەل.

1984 - يىل

## يەر تەۋرەيدۇ نېمىشقا؟

يەر تەۋرەيدۇ نېمىشقا،
دەپ سورىسام دادامدىن؛
دادام جاۋاب بەرگىچە،
جاۋاب چىقتى ئانامدىن:

«بالام، يەرنىڭ تېگىدە،
خىسلەتلىك بىر ئۆكۈز بار.
ئۆكۈز يەرنى كۆتۈرۈپ —
تۇرار دېگەن بىر سۆز بار.

بىر مۈڭگۈزى تالغاندا،
يەنە بىرگە يۆتكەيمىش.

ئەنە شۇ چاغ يەر - زېمىن،
سىلكىنىمىش - تەۋرەيمىش...»

نېمىشقىدۇر بۇ سۆزدىن،
دادام كۈلدى قاقاقلاپ.
بىر ھەيرانلىق تۇيغۇسى،
ئالدى مېنى قۇچاقلاپ...

دادام دېدى: «خاتادۇر،
ئاناڭنىڭ بۇ جاۋابى.
ئاڭلا ئوغلۇم، بۇ قاراش —
ھەقىقەتەن خۇراپى.

ئۆكۈز دېگەن نەرسە يوق،
يەر - زېمىننىڭ تېگىدە.
باردۇر ماگما - ۋۇلقانلار
يەر قاتلىمى ئىچىدە.

كۆيۈپ يانار ئېتىلىپ،
ئاشۇ ماگما - ۋۇلقانلار.
پەيدا قىلار ئۇ شۇنداق،
بېسىمى زور گۈلخانلار...

يەر تەۋرەشتە بىر سەۋەب،
ماگما بىلەن ۋۇلقاندۇر.

بۇلا ئەمەس، يەنە كۆپ—
سەۋەبلەرگە تولغاندۇ...»

بىلىۋالدىم بۇ سۆزدىن،
يەر تەۋرەشنىڭ سىرىنى.
بىلىۋالدىم ئېلىم - پەن—
داۋلىسىدىن بىرىنى.

1984 - يىل

## قەبرە ئالدىدا

كېلىپ قەبرىستانلىققا،
پات - پات بىر توپ يىغىلىپ؛
بىر قەبرىنى قۇچاقلار،
بار بۇنىڭدا نېمە سىر؟

ئۇلار قايغۇ - ماتەمدە،
ئېگىلىشىدۇ بېشىنى.
ئاشۇ قەبرە تۇۋىگە،
تۆكۈشىدۇ يېشىنى.

قەبرىگاھنى سۇپۇرۇپ،
گۇللەرگە سۇ قۇيىدۇ.
چۆرىسىگە قەبرىنىڭ،
گۇلچەمبىرەك قويىدۇ.

ئاشۇ قەبرە كىمنىڭكى،
ئۇلار شۇنچە يوقلىغان؟
(ئەتراپىنى خۇشپۇراق،
گۈل - چېچەكلەر قاپلىغان؟)

قويۇلغانمۇ قەبرىگە،
يە، ئۇلارنىڭ داددىسى؟
قويۇلغانمۇ ۋە ياكى،
جاندىن ئېزىز ئانىسى؟

قويۇلغانمۇ قەبرىگە،
يا، ئۇلارنىڭ تۇغقىنى؟
كېلەر زادى باللار،
كىمگە ماتەم تۇتقىلى؟

ئەڭ قەدىرلىك بىر ئىنسان،
ياتار ئاشۇ قەبرىدە.
ئۇلار بىلىم - كۈچ تاپقان،
شۇ ئىنساننىڭ مېھرىدە.

ئۇستازىدۇر ئۇلارنىڭ،
شۇ قەبرىدە ياتقىنى.
شۇ سەۋەبتىن ئەمەسمۇ،
قەبرىگە گۈل ياپقىنى؟

بىر يىل بۇرۇن شۇم ئەجەل،
ئېلىپ كەتكەن ئۇستازنى.
ئايرىۋەتكەن ئۇلاردىن،
مۇئەللىمە گۈلنازنى......

شۇندىن بۇيان باللار،
پەرۋاندۇر قەبرىگە؛
ئۇستاز مېھرى - شەپقىتى،
چىڭ ئورناشقاچ قەلبىگە.

سورىسىڭىز باللار،
سۆزلەپ كېتەر بىر - بىرلەپ:
(ئۇستازىنىڭ ئىشىنى،
زوق - شوق بىلەن تەرىپلەپ.)

— گۈلناز خانىم شەھەردىن،
كەلگەن بىزنىڭ يېزىغا.
ئامراق ئىدى سەھرانىڭ،
سەبىي ئوغۇل - قىزىغا.

بىزنى بەكمۇ قەدىرلەپ،
«ئوماقلىرىم» دەيتتى ئۇ.
ئانىمىزدەك كۆيۈنۈپ،
غېمىمىزنى يەيتتى ئۇ...

گۈلناز خانىم دەرسىنى،
كۆڭۈل قويۇپ ئۆتەتتى؛
قەلبىمىزنىڭ قېتىغا،
شىرنە - شەربەت تۆكەتتى؛

دەرستە كېيىن قالسا كىم،
ئۆگىتەتتى زېرىكمەي؛
بوشاڭلارغا تەربىيە،
بېرەتتى ھېچ تېرىكمەي.

غەمگۈزارى ئىدى ئۇ،
پالەچ قىزچاق روشەننىڭ.
ساۋاتىنى چىقارغان،
گاچا بالا ھۆسەننىڭ.

ئۆگىتەتتى ئۇ بىزگە،
ناخشا - ئۇسسۇل، تېپىشماق...
كۆڭلى يايراپ كېتەتتى،
ئۆگىنىشكە تىرىشساق.

ئۇ، نەچچە رەت قىزلارنىڭ،
چاچلىرىنى تارىغان؛
كېسەل بولساق قايسىمىز،
خەۋەر ئالغان - قارىغان...

گۈلناز خانىم ھەر ئىشتا،
بىزگە ھەمراھ بولاتتى؛
قىش كۈنلىرى سىنىپقا،
ئوتنى قالاپ قوياتتى؛

ئېلىپ بەرگەن شىم، چاپان،
ئەمەت، ئەركىن، قاسىمغا...
بەرگەن دەپتەر - قەلەممۇ،
رۇستەم، پاتەم، ئاسىمغا...

ھۆل - يېغىندا ئۇ، بىزنى،
ئۆي - ئۆيلەرگە توشۇيتتى.
ئاتا - ئانا، تۇغقانلار،
ئاڭا رەھمەت ئوقۇيتتى...

شۇڭا گۈلناز خانىمغا،
ئامراق ئىدۇق ئەۋەتلا.
شەپقەتنى ئۇستازنىڭ،
ئۇنتۇمىدۇق پەقەتلا.

گۆھەر قەبرە، بۇ قەبرە،
شۇڭا گۈللەر ياپىمىز.
ھەر ئەسلىسەك ئۇستازنى،
تۈگىمەس كۈچ تاپىمىز...

1985 - يىل، 3 - ئاي

# سالام باغۋەن

(چاتما شېئىر)

## ئوقۇتقۇچى

ئوقۇتقۇچى دەپ،
ئالغاندا تىلغا.
ھۆرمەت ـ تەشەككۈر،
تولىدۇ دىلغا.

مېھرىبان ئۇلار،
ئاتا ـ ئانىدەك.
بىزمۇ ئۇلارغا،
ئېزىز بالىدەك...

بىز گويا كۆچەت،
سۇ بېرەر بىزگە.
چاپالىق مېھنەت،
سىڭدۈرەر بىزگە.

بەرگەچكە بىلىم،
ئوقۇتقۇچىمىز.
ئاشتى كۈنسېرى،
زېھنى كۈچىمىز.

بىزگە ھەر ئىشتا،
بولدۇ ئۈلگە.
سادىق ھەر قاچان،
ۋەتەنگە ـ ئەلگە.

تەربىيىلەر بىزنى،
ئەخلاقلىق قىلىپ،
ۋەتەن ئىشىغا،
يارامىلىق قىلىپ.

شۇڭا ئۇلارنى،
قىلىمىز ھۆرمەت.
چىن قەلبىمىزدىن،
ياغىدۇ رەھمەت.

ياخشى ئۆگىنىپ،
باسىمىز ئالغا.
قەدەم تاشلايمىز،
گۈزەل ئىستىقبالغا!...

## چىۋەر باغۋەن

باغۋەن كۈمۈش تەر تۆككەچ،
كۆچەت كىرەر مىۋىگە.
ئۆسمەكتىمىز ئۆسمۈرلەر،
چۆمۈپ ئۇستاز مېھرىگە.

مۇئەللىم گويا باغۋەن،
بىزگە بىلىم بەرگۈچى.
ئەقلىمىزنىڭ بېغىغا،
گۈل - چېچەكلەر تەرگۈچى.

ئاشۇ چەۋەر باغۋەننى،
ھەممىدىن ئېزىز دەيمىز.
تۆھپىسىنى، ئەجرىنى،
تاغدىنمۇ ئېگىز دەيمىز.

## ئۇستازغا گۈل تۇتىمەن

تەر ئاققۇزۇپ ماڭلايدىن،
گۈل تېرىدىم بېغىمغا.
گۈلۈم ئۆسەر بىخ سۈرۈپ،
شادلىق بېرىپ دىلىمغا.

گۈل بېغىمغا قۇياشنىڭ،
ئالتۇن نۇرى چېچىلار.
پەرۋىش تېپىپ گۈللىرىم،
گۈزەل - كۆركەم ئېچىلار.

دەستە تىزىپ شۇ گۈلدىن،
ئۇستازىمغا تۇتىمەن.

ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ،
بەيگىلەردە ئۆتىمەن.

1985 - يىل 8 - ئاي

## شىجائەتلىك بالىلار

(چاتما شېئىر)

### كىچىك سەيفۇللا

تونۇشتۇراي سىلەرگە،
پىئونېر قىز پاتەمنى،
ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى،
زوقلاندۇرار ئادەمنى.

پاتەم قىزنىڭ ئانىسى،
سەيفۇڭلۇقنى بىلەتتى.
بۇ ھۈنەرنى پاتەمنىڭ،
ئۆگەنگۈسى كېلەتتى.

ئۆگەندى ئۇ بېرىلىپ،
كىيىم - كېچەك تىكىشنى.
(بۇ ئىشتا ئۇ ھېچقاچان،
ھېس قىلمىدى ھېرىشنى...)

تىكىپ بەردى شىم - چاپان...
توققۇز ساۋاقداشىغا،

تىكىپ بەردى گالستۇك،
رەھمەت ئالدى ئىشىغا.

تۇرغۇن ساۋاقداشلارنىڭ
كىيىمىنى يامىدى.
ياماق سېلىش، تىكىشى،
ھەممەيلەنگە يارىدى.

شۇڭا ئۇنى مەكتەپتە،
«كىچىك سەيفۇڭ» دېيىشەر.
«ياخشى ئىشلار قىلىشتا،
غەيرىتى چوڭ» دېيىشەر.

## ئىبراھىم

تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ،
«3 تە ياخشى» ئىبراھىم.
باشقىلارغا پايدىلىق،
ئىش قىلىدۇ ھەر دائىم.

ئۇنىڭ شەخسىي كىتابى،
يۈز پارچىغا يېتەتتى.
ئوقۇپ ئۇنى ھەر كۈنى،
كۆڭلىنى شاد ئېتەتتى.

كىتابلارنى ئىبراھىم،
مەكتىپگە ئەپ كەلدى.
ئايرىپ ئۇنى تۈرلەرگە،
ساندۇقچىغا سەپ كەلدى.

كىتابلارنى تىزدى ئۇ،
سىنىپتا بىر بۇلۇڭغا.
ساۋاقداشلار كۆڭلىدىن،
خۇشال بولدى بۇنىڭغا.

كىتاب دېسە كىم ئەگەر،
ئارىيەتكە بەردى ئۇ.
كىتاب ئوقۇش بېغىغا،
گۈل - چېچەكلەر تەردى ئۇ.

## «بارىكاللا بالىلار»

گۈزەل باھار كەلگ باغقا،
كىرگەن ئىدى بالىلار.
قارشى ئالدى ئۇلارنى،
باغ ئىچىدە تاغلار...

خۇشاللاندى ئۇلار بەك،
باغ ئىشىنى باشلىشىپ.
بىر پەستىلا باغدىكى،
ئېتىز - قىرنى قاشلىشىپ.

جەينەككىچە تۇرۇپ يەڭ،
كەتمەن چاپسا سەمەتجان؛
ئېتىزلارغا كۆمۈش رەڭ،
سۇ باشلايدۇ ئەمەتجان.

...

ئېتىزلارغا ھەر خىل سەي،
گۈل تېرىدى باللار.
بارىكاللا! دېيىشتى،
كۆرۈپ ئۇنى قېرىلار.

## راۋابچى

يەتتە ياشلىق پۇرقەتجان،
قۇشنىمىزنىڭ بالىسى.
ئاڭا بولتۇر بىر راۋاب،
ئېلىپ بەرگەن دادىسى.

بولاي كىچىك راۋابچى،
دېگەن ئىدى پۇرقەتمۇ.
راۋابىنى قولىدىن،
چۈشۈرمىدى پەقەتمۇ.

شۇڭا قولى كەپ قالدى،
بىر يىل ئۆتمەي ئارىدىن:

خۇش ئاۋازلار تاراتتى،
كۈمۈش رەڭلىك تارىدىن.

راۋاب چېلىپ ئۇ تېخى،
ناخشا تەڭكەش قىلىدۇ.
كىمكى ئۇنى ئاڭلىسا،
ماختىغىسى كېلىدۇ.

راۋاب بىلەن تەڭ تۇرۇپ،
تۇرقى - بويى ئۇنىڭكى؛
نېمىدېگەن ياڭراق - ھە،
ناخشا - كۈيى ئۇنىڭكى.

چالالايدۇ ئۇ ھازىر،
نۇرغۇن يېڭى پەدىگە.
بولۇر ماھىر راۋابچى،
پۈرقەت چوقۇم ئەتىگە.

### خەتتات قىز

تىرىشىشتىن يول تاپتى،
ساۋاقداشىم ھۆرىيەت.
بىكار ۋاقت تاپسىلا،
مەشىق قىلار ھۆسن خەت.

شۇنچە كۆركەم چىرايلىق،
ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى.
خەتلىرىنىڭ ئىچىدە،
بوقتۇر زادى سەتلىرى.

ئاڭا بەكمۇ ياراشتى،
«كىچىك خەتتات» دېگەن نام.
ھۆسن خەتلەر يېزىشتا،
ئۇ ئەمەستۇر ھەرگىز خام.

بۇ يىل ئۇنىڭ خەتلىرى،
كۆرگەزمىگە قويۇلدى.
كۆڭلىمىزگە بۇ ئىشتىن،
ئىلھام سۈيى قۇيۇلدى.

## «پوچتالىيون»

سومكىنى ئېسىپ،
ئىلدام يول بېسىپ،
كېزىدۇ تارقىتار
ساۋاقداش جامال.
يامغۇر ياغسىمۇ،
جاپا تارتسىمۇ،
ئۆيىمۇ ئۆي بارار،
بولماستىن مالال.

باغلاپ بېلىنى
ئېيتقان سۆزىنى:
«پوچتالىيونلۇق —
مەن ئۈچۈن شەرەپ!...»
بۇ ئىشنى قىزغىن
ئارزۇلاپ دىلدىن،
يېزىپ ئىلتىماس
قىلغان ئۇ تەلەپ.

تۇرۇپ گېپىدە،
تەتىل ئىچىدە،
تارقاتتى گېزىت،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ.
ئۆزى «شاكىچىك»
ھەركىتى تېتىك،
ماختاشقا لايىق،
پوچتالىيون ئۇ.

## ساتىراش بالا

يالقۇنجاننى ھەممەيلەن،
دەيدۇ: «كىچىك ساتىراش»،
ئۇ دەم ئېلىش ۋاقتىدا،
قىرقىپ ئالار چاچ.

بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنىدى،
خېلى پىششىق، پۇختا ئۇ.

ئانا مەكتەپ قويندا،
تولدى ئېسىل روھققا ئۇ.

چاچ ئالسمۇ شۇنچە كۆپ،
ھاردىم - ئالدىم دېمەيدۇ.
كەچ قالدىم دەپ ئۆيۈمگە،
قىلچىلىك غەم يېمەيدۇ.

ھەق تەگلىسە ئۇنىڭغا،
مەيلى قايسى ساۋاقداش.
دەيدۇ:– ئېلىك بۇنىڭغا،
كىتاب، دەپتەر، قېرىنداش...

مەكتەپ ئارا يالقۇنىنىڭ،
«ئۇچتە ياخشى» نامى بار.
مېگىپ لېيىقىلىك ئىزىدىن،
قۇچقان شەرەپ - شانى بار.

شۇڭا ئۇنىڭ يالغۇزلا،
ئىسمى يالقۇن دېمەگلار.
قەلبىمۇ ھەم يالقۇندەك،
بۇنى بىزدىن سوراڭلار.

## ئۇسسۇلچى قىز گۈلئازات

گۈلئازاتنى دوستلىرى،
ئۇسسۇلچى دەپ ئاتايدۇ.

ئۇ، ئۇيغان ئۇسسۇللار،
ھەممەيلەنگە يارايدۇ.

گۈلئازاتنىڭ بېشىدا،
چىمەن تاشكەن دوپپىسى.
بەك ياراشقان بەستىگە،
لالىرەڭلىك كوپتىسى.

ئۇ، ئوينايدۇ ئۇسسۇلنى،
كېپىنەكتەك، قالغاچتەك.
ئېگىلىدۇ پۇت - قولى...
ئەۋرىشىمدەك، قايماقتەك.

گۈلئازاتتا بار دائىم،
ھارمايدىغان ياخشى روھ.
ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەركىتى،
شۇنچە نەپىس، شۇنچە شوخ...

ئۇ، ئوينايدۇ بىر ئەپلىك،
مۇناجاتقا، سەنەمگە؛
ناغرا ۋە داپ ئۇسسۇلى،
تەنەۋۋەرگە، ئەجەمگە...

گۈلئازاتنى دەپ قالماڭ،
يالغۇز شۇنداق ئۇسسۇلچى.

ئۇ، ئوقۇشتا، ھەر ئىشتا،
باشلامچى ۋە بەرىنچى.

## خالىس موزدوز ئېلىجان

ياخشى كۆرگەچ ئېلىجان،
موزدوزلۇقنى دىلىدىن؛
يەپ - يەڭنە ۋە دەرەشنى،
ئايرىمايدۇ يېنىدىن.

ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا،
ئاياغ كىيىم يامىتار؛
بولغاچ ئىشى بەك سىلىق،
چەن كۆكۆلدىن يارىتار.

دەيدۇ ماختاپ ھەممەيلەن:
بىزنىڭ خالىس موزدوز ئۇ.
رەھمەت ئالدى ئېلىجان،
ھەق ئالمىدى ھەرگىزمۇ...»

1984 - 1985 - يىللار

## ئىسكىرىپكىچى بولىمەن

دادام ماڭا بازاردىن،
ئېلىپ بەردى ئىسكىرىپكا.

دېدىم شۇچاغ دادامغا،
خۇشاللىقىم جۇش ئۇرۇپ:

— ئىسكىرىپكىنى ئۆگىنىش،
مېنىڭ ئارزۇ — تىلىكىم.
قانچە چالسام مەن ئۇنى،
تالماس ھەرگىز بىلىكىم.

ئىشەن دادا، مەن چوقۇم —
ئىسكىرىپكىچى بولىمەن.
سەھنىلەرگە گويا كى،
بۇلبۇل بولۇپ قونىمەن.

1985 - يىل، قەشقەر

## بىزنىڭ قىزىق ئويۇنلار

### كىم نېمىنى دورايدۇ؟

بىرىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆيدە دوستلىرىم،
توخۇدىن بار ئوتتۇزى.
ئەگەر سوراپ قالساڭلار،
خوراز ئۇنىڭ توققۇزى.

شۇ خورازلار تاڭ سەھەر،
تەكشى چىللاپ كېتىدۇ.
شوخ رېتىملىق ئاۋازى،
يىراقلارغا كېتىدۇ.

خوراز قانداق چىللايدۇ؟
دوراپ باقاي ئاڭلاڭلار.
لېكىن ماڭا «خورازجان» —
دېگەن ئاتنى قويماڭلار:
«قى - قى - قىق!...»

ئىككىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا،
كىچىككىنە كۆلچەك بار.
شۇ كۆلچەكتە بىز باققان،
ئۇنغا يېقىن ئۆدەك بار.

**شۇ ئۆدەكلەر ئۈزىدۇ،**
قولۋاق كەبى تېز راۋان.
سىرتقا چىقسا ئېغاڭلاپ،
ماڭار شۇنچە شادىمان.

دوراپ باقاي ئۆدەكنى،
قېنى دوستلار ئاڭلاڭلار،
لېكىن مېنى ھېچقاچان،
«ئۆدەكخان» دەپ قالماڭلار:
«غاق - غاق - غاق!...»

ئۈچىنچى بالا: ئۇرغۇنلىغان كەپتەر بار،
بىزنىڭ ئېگىز ئۆگزىدە،
ئاكام ئۇنى ئۇچۇرار،
كۆك ئاسمانغا بەزىدە.

ئاقلىردىمۇ ئۈنلەيدۇ،
كۆكلىردىمۇ ئۈنلەيدۇ.
بىزنىڭ ئاشۇ كەپتەرلەر،
پەرۋاز قىلىپ ئۆرلەيدۇ.

كەپتەر قانداق ئۈنلەيدۇ؟
دوراپ باقاي، ئاڭلاڭلار.
«كەپتەر» دېگەن ئىسمنى،
ماڭا ھەرگىز قويماڭلار:
«ھۇك ـ ھۇك، غۇق ـ غۇق...»

تۆتىنچى بالا: باققانىدۇق قەپەزدە،
بىرجۇپ رەڭدار تومۇچۇق.
ئۇنىڭ خۇشال سايرىشى،
بېغىشلىدى دىلغا زوق.

قانداق سايرار تومۇچۇق؟
دوراپ باقاي ئاڭلاڭلار.
ئەگەر ياخشى دورىسام،
مەيلى مېنى داڭلاڭلار:
«چىغاڭ ـ چىغى، چىغاڭ ـ چىغى
ۋىت ـ ۋىت ـ تىرررر...»

بەشىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆيدە دوستلىرىم،
مۈشۈكتىن دەل ئۈچى بار.

چاشقانلارنى تۇتۇشتا.
پاراستى، كۈچى بار.

بىزنىڭ ئاشۇ مۇشۈكلەر،
مياۋ ـ مياۋ قىلىدۇ.
ئۇلار بىلەن ئويناشسام،
كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ.

دوراپ باقاي مۇشۈكنى،
قېنى دوستلار، ئاڭلاڭلار.
لېكىن ماڭا «مۇشۈكجان» —
دېگەن ئىسىم قويماڭلار:
«مياۋ ـ مياۋ ـ مياۋ!...»

ئالتىنچى بالا: سېمىز ـ سېمىز قويلار بار،
بىزنىڭ ئۆيدە، ئېغىلدا.
ساغلىقلىرى ئۇنىڭكى،
قوشماق تۇغدى يېقىندا.

قوزىلىرى ئاق، قارا،
بۇدۇرۇق ھەم چىرايلىق.
دېككاڭ ـ دېككاڭ سەكرىشىپ،
ئوينىشىدۇ داۋاملىق.

قوزىلارنى دوراي مەن،
قېنى دوستلار، ئاڭلاڭلار.

قوزا دېگەن لەقەمنى،
ماڭا زادى قويماڭلار:
«مە - ئە - ئە!...»

يەتتىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆيدە دوستلىرىم،
ئىككى كالا — ئىنەك بار.
سېغىش ئۈچۈن سۈتىنى،
ئاق سىرلانغان چېلەك بار.

گاھى - گاھى مۆرەيدۇ،
بىزنىڭ ئىنەك كالىلار.
تويۇپ ئۈنىڭ سۈتىگە،
تىمەن ئۆستۈق بالىلار.

كالا قانداق مۆرەيدۇ؟
دوراپ باقاي ئاڭلاڭلار.
لېكىن ماڭا، كالا دەپ،
ھەرگىز لەقەم قويماڭلار:
«مۆ - مۆ - مۆ...»

سەككىزىنچى بالا: بىزنىڭ ئۆيدە كۈچۈك بار،
كولدۇرمىسى بوينىدا.
ئوينايدۇ ئۇ ھەر دائىم،
ئۆيدە ئەمەس، ھويلىدا.

نېمە دەيدۇ كۈچۈكۈم،
دوراپ باقاي ئاڭلاڭلار.
لېكەن ماڭا «كۈچۈكباي»
دېگەن ئاتنى قويماڭلار:
«هاۋ - هاۋ - هاۋ!...»

بىرىنچى بالا: باياتىن بىز ئۆي قۇشلىرىۋە ئۆي هايۋانلىرىنى ئايرىم - ئايرىم هالدا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى دوراپ ئۆتتۇق. ئەمدى كەينى - كەينىدىن دوراپ باقساق قانداق؟

قالغانلار: بولىدۇ!

سەككىز بالا قاتار تىزىلىپ كەينى - كەينىدىن دورايدۇ.

## تارقا - تارقاڭ، ئۆيگە تارقاڭ

تارقاڭ - تارقاڭ، ئۆيگە تارقاڭ،
كەچ كىرىپ قالدى.
ئۆيدىكىلەر سىزنى كۈتۈپ،
ئەنسىرەپ قالدى.

تارقا - تارقاڭ، ئۆيگە تارقاڭ،
ئويۇندىن توختاڭ.
تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ،
ۋاقتىدا ئۇخلاڭ.

تارقا ـ تارقاك، ئۆيگە تارقاك.
ئەي ياخشى دوستۇم.
ئۇيۇن ئەپچى بولمىسۇن دەپ،
مەن سىزنى توستۇم.

## تاپقان تاپلاقمۇ؟

قىزلار: تاپقان تاپلاقمۇ؟
ئالتۇن ياپلاقمۇ؟
كۆرمىسە تاپشۇرماي،
كۆرسە چاقچاقمۇ؟

ئوغۇللار: تاپقان تاپلاق ئەمەس،
ئالتۇن ياپلاق ئەمەس.
تاپقاننى ئىلىۋالسا،
ھەرگىز چاقچاق ئەمەس.

ئوغۇللار: تاپقان تاپلاقمۇ؟
ئالتۇن شاپلاقمۇ؟
تاپقاننى بەرمەسلىك،
ياخشى ئەخلاقمۇ؟

قىزلار: تاپقان تاپلاق ئەمەس،
ئالتۇن شاپلاق ئەمەس.

تاپقاننى بەرمەسلىك،
ياخشى ئەخلاق ئەمەس.

بىرلىكتە: تاپقاننى تاپشۇردىمىز،
ۋاقتىدا دەرھاللا.
ئىگىسى بىزلەرگە،
ئېيتىدۇ بارىكاللا!
تاپقان تاپىلاق ئەمەس،
ئالتۇن ياپىلاق ئەمەس.

بىرەيلەننىڭ بېشىدا

بىرىنچى تەرەپ: بىرەيلەننىڭ بېشىدا،
چىككا - چىككاڭ تۇرىدۇ،
ئىلىۋەتسە بولمامدۇ؟

ئىككىنچى تەرەپ: بىرەيلەننىڭ بېشىدا،
دىككا - دىككاڭ تۇرىدۇ،
ئىلىۋەتسە بولمامدۇ؟

بىرلىكتە: بىرەيلەننىڭ بېشىدا،
لەپپە - لەپپەڭ تۇرىدۇ.
ئىلىۋەتسە بولمامدۇ؟

بىرىنچى تەرەپ: بىرەيلەننىڭ بېشىدا،
گەرس رومال تۇرىدۇ.

(چىمەن دوپپا تۇرىدۇ)
ئېلىۋەتسە بولمايدۇ؟.

ئىككىنچى تەرەپ: بىر ەيلەنىنىڭ بېشىدا،
بۇلبۇل خۇشال تۇرىدۇ،
ئۇچۇرۇۋەتسە بولمايدۇ.

بىرلىكتە بىرەيلەنىنىڭ بېشىدا،
گۇللەر تال ـ تال تۇرىدۇ،
ئېلىۋەتسە بولمايدۇ.

## يامغۇر ياغدى قار ياغدى

ئا: يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
ئاسمان كۆزىدىن.
قورقۇپ كەتمە ئۇنىڭكى،
پاتقاق، مۇزىدىن.

ب: يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
ياشنايدۇ زېمىن.
توڭلاپ قالما سوغۇقتا،
كىيىنگىن قېلىن.

بىرلىكتە: يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
ئوينايلى ئويۇن.

تاغدەك جاپا مۇشكۇلگە،
ئەگمەيلى بويۇن.

## سەن نېمىشقا پېشمايسەن؟

ئا: ئالما پىشتى، ئۈزۈم پىشتى،
سەن نېمىشكە پىشمايسەن؟
خوراز چىللاپ تاڭ ئاتتى،
سەن نېمىشكە ئويغانمايسەن؟

ب: ئالما پىشتى، ئۈزۈم پىشتى،
مەنمۇ پىشتىم قاراپ باق.
سەھەر تۇرىمەن، ئىشلەيمەنكى،
ئاتا - ئانامدىن سوراپ باق.

ئا: ئارپا پىشتى، بۇغداي پىشتى،
سەن نېمىشكە پىشمايسەن؟
ئىرىنچەكلىك قىلغاچقا،
ئىلگىرىلەشنى تاتلايسەن.

ب: ئارپا پىشتى، بۇغداي پىشتى،
مەنمۇ پىشتىم قاراپ باق.
ھەممە دەرستە ئىلگىرىلىدىم،
ئىشلەيمەنكى سىناپ باق.

ئا: قوغۇن پىشتى، تاۋۇز پىشتى،
سەن نېمىشكە پىشمايسەن؟
ياخشى ئىشنىڭ باغلىرىدا،
خۇشپۇراقلار چاچمايسەن؟

ب: قوغۇن پىشتى، تاۋۇز پىشتى،
مەنمۇ پىشتىم قاراپ باق.
پىشتىممۇ، يا پىشمىدىممۇ،
تازا ئويدان ئويلاپ باق.

نېمە ئۇچتى؟

ئا: ئۇچتى- ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ب: بۇلبۇللار ئۇچتى.
ئا: ئۇچتى - ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ب: دۇلدۇللار ئۇچتى.

ئا: ئۇچتى - ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ب: كەپتەرلەر ئۇچتى.
ئا: ئۇچتى ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ب: دەپتەرلەر ئۇچتى.
ئا: دەپتەر ئۇچمايدۇ،

ب: ئۇچتى - ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ئا: لەگلەكلەر ئۇچتى.

ب: ئۇچتى - ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ئا: كېپىنەكلەر ئۇچتى.

ب: ئۇچتى - ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ئا: ئايرۇپىلان ئۇچتى.
ب: ئۇچتى - ئۇچتى، نېمە ئۇچتى؟
ئا: تاغ - داۋان ئۇچتى .
ب: تاغ - داۋان ئۇچمايدۇ.

## قەدىرلەيمىز ئۇلارنى

بىرەيلەن: دادام ياخشى، ئانام ياخشى،
ئۇكام ياخشى، ئاكام ياخشى.
سىڭلىم ۋە ھەدەم ياخشى،
ھاممام، تاغام ياخشى.
باشقىلار: قەدىرلەيمىز ئۇلارنى!

بىرەيلەن: باغچا - مەكتىپىم ياخشى،
باغۋەن — مۇئەللىمىم ياخشى.
دەپتەر، قەلىمىم ياخشى،
ئالغان تەلىمىم ياخشى.
باشقىلار: قەدىرلەيمىز ئۇلارنى!

بىرەيلەن: ساۋاقداش دوستلىرىم ياخشى،
ئىناقلىق دوستلۇقىم ياخشى.

كۆكۆل توق، شوخلۇقۇم ياخشى.

باشقىلار: قەدىرلەيمىز ئۇلارنى!

بىرەيلەن: كىچىكمەن، جۇرئىتىم ياخشى،
پىئونېرلىق ئىشىم ياخشى.
چوڭغا ھۆرمىتىم ياخشى،
كىچىككە ئىززىتىم ياخشى.

باشقىلار: قەدىرلەيمىز ئۇلارنى!

بىرلىكتە: قەدىرلەيمىز يۈرەكتىن،
ياخشىلىقنى - ياخشىنى.
قەدىرلەشكە بولمايدۇ،
ياخشىلاردىن باشقىنى.

ئالغا، ئالغا، ئالغا!

ئا: ئىلىم - پەندىن شەربەت ئىچىپ،
شادلىنايلى بىز.
بەلنى باغلاپ ئۆگىنىشكە،
ئاتلىنايلى بىز.

باشقىلار: ئالغا، ئالغا، ئالغا!

ئا: مەكتەپ بىلەن ئۇستازلاردىن،
شادلىنايلى بىز.

ئۇلار بەرگەن تەربىيىدىن،
جانلىنايلى بىز.
باشقىلار: ئالغا، ئالغا، ئالغا!

ئا: دىلدا غەيرەت - شىجائەتنى
ئۇرغىتايلى بىز.
ئالغا ئۆرلەش سەپىردە،
توختىمايلى بىز.
باشقىلار: ئالغا، ئالغا، ئالغا!

بىر، ئىككى، ئۈچ ....

«بىر، ئىككى، ئۈچ...»
ھەر يىل سىنىپ كۆچ.
پاسسىپلىق — نومۇس،
بولغىن ئاڭا ئۆچ.

«بىر، ئىككى، ئۈچ...»
لاچىن كەبى ئۇچ
ئىلىم - پەن ساڭا،
بىرەر قانات، كۈچ

«بىر، ئىككى، ئۈچ...»
دائىم زەپەر قۇچ.
يەڭگىن ھەر قاچان،
كەلسە مۇشكۇل دۇچ.

## غاغى - غاق ....

غاغى - غاق، غاغى - غاق،
بىز مەكتەپكە بەك ئامراق.
ئىلىم - پەنگە يۈرەكتىن،
باغلىدۇق چىن ئىشتىياق.

غاغى - غاق، غاغى - غاق،
بىز بەختىيار، بىز ئوماق.
ئۇستازلارنىڭ تەلىمى،
دىلغا ياقتى نۇر چىراق.

غاغى - غاق، غاغى- غاق،
خورۇنلۇقتىن بىز يىراق.
ئاڭلىق كۆڭۈل بۆلىمىز،
ئىنتىزامغا ھەممە ۋاق.

غاغى - غاق، غاغى - غاق،
بولدۇق ئىناق، ئىتتىپاق
ئانا مەكتەپ بېغىدا،
چاچماقتىمىز خۇشپۇراق.

غاغى - غاق، غاغى - غاق،
ياڭرىتىمىز كۈي - قوشاق.

ئۇستازلارغا تۇتەمىز،
گۈل تېزىپ قۇچاق - قۇچاق.

**ئاداش - ئاداش بولايلى**

كېلىڭ، مەڭگۈلۈك،
ئاداش بولايلى.
ئىناق، مېھرىبان،
يولداش بولايلى.

بىلىم بېغىدا
سەپداش بولايلى.
ئالغا بېسىشتا
قولداش بولايلى.

خىسلىتى ئېسىل —
ئوخشاش بولايلى.
قەلبى قېپقىزىل
ئوتقاش بولايلى.

ئارزۇسى گۈزەل،
دىلداش بولايلى.
ساۋاقداشلارغا
بىز باش بولايلى.

1981—1985 - يىللار، قەشقەر

## قاپاق تارتىش قانداق ئىش؟

بىر توپ ئۆسمۈر - باللار،
ئەتراپىمنى ئوردىدى.
تىردىشچان قىز ئابىدە،
مەندىن سوئال سوردى:

— گاھى - گاھى لىپىلداپ،
تارتىپ قالسا قاپىقىم؛
ئەنسىزلىككە ئايلىنار
شۇ چاغ كۆڭۈل شادلىقىم.

ئانام دەيدۇ: «سىرلىق ئىش،
تارتقانلىقى قاپاقنىڭ.
قاپاق تارتىش بەلگىسى —
خوشلۇقنىڭ، يا چاتاقنىڭ.

تارتسا ئەگەر سول قاپاق،
ياراشقىنى شۇ، قىزىم.
تارتسا ئەگەر ئوڭ قاپاق،
نەس باسقىنى شۇ، قىزىم...»

شۇڭا قاپاق تارتقاندا،
ئەنسىرەيمەن تولىمۇ.

بۇنداق قاراش، ئەنسىرەش،
خاتامۇ يە توغرىمۇ؟

دېدىم: «قاپاق تارتىدۇ،
تۆۋەندىكى سەۋەبتىن.
سۆزلەپ بېرەي سىلەرگە،
بۇنى ئىلمىي تەرەپتىن،

قاپاقنىڭ ئىچ قىسمىدا،
بىر پارچە گۆش بولىدۇ.
ئەتراپىنى كۆزنىڭكى،
شۇ گۆش ئوراپ تۇرىدۇ.

دەيمىز ئاشۇ گۆشنى بىز،
كۆز ئايلانما مۇسكۇلى.
يېپىلىدۇ قاپاقمۇ،
ئۇ قىسقارغان مەزگىلى.

غىدىقلانسا شۇ مۇسكۇل،
بولۇپ تەكرار قىسقىراش؛
قاپاق تارتىش يۈز بېرەر،
بۇ بىر ئىلمىي كۆز قاراش.

قاپاق تارتىش قانداقتۇ —
ئېلىپ كەلمەس خۇشاللىق.

ئېلىپ كەلمەس ۋە ياكى،
كېلىشمەسلىك، خاپىلىق.

ئەنسىرەشلەر ھاجەتسىز،
قاپاق تارتىپ قالغاندا.
تارتقان قاپاق توختايدۇ،
ياخشى ئارام ئالغاندا...»

خۇشاللىنىپ ئابىدە،
دېدى: «رەھمەت، مۇئەللىم.
ماڭا بىلىم ئېپكەلدى،
ئۇشبۇ سۆھبەت، مۇئەللىم.»

1986 - يىل، 1- ئاي

## كىمنىڭ توغرا بالىلار؟

بالدۇر بىزنىڭ كوچىدا،
بارات ئاتلىق بىر بالا.
دائىم بۇرۇن كولاشقا،
بوپقالدى ئۇ مۇپتىلا.

دېدى بىر كۈن ئۇنىڭغا،
ساۋاقدىشى مۇرادجان:
«بۇنداق ناچار ئادەتنى،
تۈزەتسەڭچۇ باراتجان».

بارات بىردىن قىزىرىپ،
دېدى: تولا زاڭلاشما.
كىچىككىنە ئىشلارغا،
قاراپ يۈرمە، ئارىلاشما.

دېدى بارات: «بۇ ئىشنىڭ
ساڭا نېمە زىيىنى؟
كىشىلەرنى رەنجىتىپ،
قىلما يامان كېپىنى...»

مۇراد دېدى: «سۆزۈمنى،
ئويلاپ قالما باشقىچە.
قولاق سېلىپ ئاڭلىغىن،
سۆزلەپ باقاي قىسقىچە.

بۇرۇن دېگەن بەك مۇھىم،
بەش ئەزانىڭ بىرىدۇر.
ئەركىن نەپەس ئېلىشنىڭ،
تەڭ ئاساسلىق يولىدۇر.

نېمە خۇشبۇي، يا سېسىق،
بۇرۇن بىلەن پۇرايمىز.
بۇرۇندىكى تۈك بىلەن،
چاڭ - توزاڭنى تورايمىز.

بۇرۇن ئىچى تۈزۈلگەن،
نېپىز شىللىق پەردىدىن.
ئىنچىكە قان تومۇرلار،
ئۇندا تولا ھەممىدىن.

شۇڭا ئاسراش كېرەكتۇر،
بۇنداق نازۇك ئورۇننى.
زەخمىلىنىش يۈز بېرەر،
كولاۋەرسە بۇرۇننى.

دائىم بۇرۇن كولاشقا،
ئادەتلىنىپ قالسا كىم؛
ئۇ كىشىنىڭ بىردەممۇ،
تۇرالمايدۇ قولى جىم.

ساغلاملىققا زىيانلىق،
بۇرۇن كولاش ئادىتى.
ئاقىۋىتى بۇ ئىشنىڭ،
خەتەرلىكتۇر ناھايىتى.

ئېيتىڭلارچۇ، توغرىمۇ،
گەپ - سۆزلىرى مۇرادىنىڭ؟
ئېيتىڭلارچۇ، بولامدۇ،
شۇ ئادىتى بالىنىڭ؟

1986 - يىل 2 - ئاي

# شانلىق تويۇڭغا

(مۇسەممەن)

ئەي ۋەتەن، باغرى قۇياشلىق باغرىمىز – گۈلزارىمىز،
سەندە ھۆر، خۇشال ياشايمىز، يوق پەقەت مۇڭ- زارىمىز،
سەندىدۇر دىللار سۆيۈنگەن گۈلباھار ھەم يازىمىز،
ياڭرىدى شەنىڭگە ھەردەم شاد مۇقام، كۈي – سازىمىز،
شۇم رەقىبلەرگە ئەجەلدۇر غەلبىمىز – پەرۋازىمىز،
بۇ، ھەقىقەت، يوق بۇنىڭدا قىلچىلىك پەردازىمىز،
سەندىكى بەختلىك ھاياتنىڭ تا ئەبەتكە رازى بىز.
بىزگە بۇ كۈنلەرنى بەردى پارتىيە – ئۇستازىمىز.

قاپلىغان ئۆتمۈشتە كۆكسىڭنى شۇۋىرغان، جۇت- سوغۇق،
ئۈستىمىزدە قارا زۇلمەت، چۈشمىگەن ھېچ نۇر- يورۇق،
يىل بويى ئىشلەپ ئېتىزدا ھەر زامان يانغان قۇرۇق،
تېنىمىزدە ھېچ مادار يوق، يۈزىمىزدە مىڭ قورۇق،
سارغىيىپ كەتكەن غازاڭدەك روھىمىز چۈشكۈن- سۇنۇق،
بايغا تالىق ئىدى بىزلەر كولىغان كارىز، قۇدۇق،
خار ئىدۇق ئۇچاغدا يوقسۇل، باي ئىدى «ئالىي»، «ئۇلۇغ»
ئاھ، ئەجەب سۇلغۇن ئىدى بۇ رەڭگىمىز، رۇخسارىمىز.

بەختىمىز كۈلدى قاقاقلاپ چىن ئازادلىق تېگىدىن،
ئارمىيەمىزنىڭ قان تۆكۈپ قىلغان ئادالەت جېڭىدىن،

بىز قۇتۇلدۇق كونا دۇنيانىڭ قاراڭغۇ تۈنىدىن،
قەلبىمىز نۇرلاندى كۈندەك داھىمىزنىڭ ئېڭىدىن،
شاد ئۆمۈر، قايناق كۈرەشنى باشلىۋەتتۇق يېڭىدىن،
جاي ئېلىپ مېھنەت ئوچقى— خالق ۋە زاۋۇت، يېزىدىن،
خەلقىمىز ھەرگىز قىسىلماس ئەمدى ھېچبىر نېمىدىن،
ھۆر ھاياتقا كەڭ ئېچىلغاچ يولىمىز، دەرۋازىمىز.

بىز ئېزىز باغرىڭدا ئۆسكەن قەھرىمان ئەۋلاد بۈگۈن،
قەلبى ئوت، مېھنەتكە ئامراق جەڭگىۋار پەرھاد بۈگۈن،
ياشنىدى گۈللەپ سىينىڭدە بەختىيار ھايات بۈگۈن،
بارچە دىل- بارچە كۆڭۈللەر شۇنچە مەغرۇر، شاد بۈگۈن،
چۆللىرىڭ ئورنىدا زاۋۇت، مىسلى باغ ئاۋات بۈگۈن،
باغلىرىڭ - بوستانلىرىڭنىڭ مېۋىسى ناۋات بۈگۈن،
چۇلغىدى بىزنى ئۇلۇغۋار ئاڭ- سېزىم، ھېسسىيات بۈگۈن،
پارتىيە بولغاچقا بىزنىڭ باشچىمىز، سەردارىمىز.

ئەي ۋەتەن، مېھرىڭ ئوتىدا سەن ئۈچۈن كۆيمەكتىمىز،
ھەر گىيا، تۇپراق، تېشىڭنى ئارزۇلاپ سۆيمەكتىمىز،
باغ ئارا قوينۇڭدا ئويناپ، سايرىشىپ كۈلمەكتىمىز،
ھەممە مىللەت بۇزاماننىڭ پەيزىنى سۈرمەكتىمىز،
ئىش، كۈرەش قايناملىرىدا يەڭنى چاڭ تۈرمەكتىمىز،
بۇ گۈزەل دەۋران نۇرىدا غەلبىلىك يۈرمەكتىمىز،
ئېخ، تېخى بۈندىنمۇ پارلاق ئەتىنى كۆرمەكتىمىز،
كۈندىن كۈنگە ئۆرلىمەكتە داڭقىمىز- پەرۋازىمىز.

ئەي ۋەتەن، ئۈچماقتىسەن كوممۇنىزمغا قۇش بولۇپ،
كەلگۈسى ئىقبالىمىز كۈلمەكتە سەندە خۇش بولۇپ،
چىڭ ئۇيۇشتى خەلقىمىز گاڭدەك پولاتتەك كۈچلىنىپ،
قاتتى داستانغا ئۇلۇغ غەلىبەڭنى بۇلبۇل شوخلىنىپ،
دوستلىرىڭنىڭ ھۆرمىتى تاشتى دىلدا جۇش ئۇرۇپ،
كۆيگە قاتتى: مىڭ ياشا، جۇڭخۇا ئېلى! دەپ زوقلىنىپ،
ھەممىمىز ئوتلۇق يۈرەكتىن ناخشا ئېيتتۇق روھلىنىپ،
ئەي ۋەتەن، شانلىق تويۇڭ بىزنىڭ شاد بايرامىمىز.

1964 - يىل 9 - ئاي

## تەنقىد توغرىسىدا

تەنقىد دېمەك توغرا قىل، دېمەك،
نۇقسانىڭنى تونۇ، بىل، دېمەك.
پاكىت - ئاساس تەنقىدنىڭ جېنى،
تەنقىد ئەمەس قىلىنى يىل، دېمەك.

× ×

تەنقىد بىزگە مۇھىم ئەڭگۈشتەر،
دوستۇم، ئۇنى دائىم قورال قىل.
تەنقىد بىلەن دىلىڭنى پاكلاپ،
ھەر ئىشىڭدا ئەلنى خۇشال قىل.

× ×

تەنقىد ئاچچىق بولغىنى بىلەن،
بېرىدىغان مېۋىسى تاتلىق.
كىم تەنقىدنى دوست تۇتالىسا،
يار بولىدۇ ئۇتۇق ۋە شاتلىق.

تەنقىد بەرسە ساڭا باشقىلار،
«ئىچى يامان، كىچىك كۆز» دېمە.
نۇقسانىڭنى يوشۇرغانلارنى،
«ماڭا ئامراق، كۆڭلى تۈز، دېمە.»

× ×

قىياس قىلساڭ ئادەمنى سۇغا،
كەمچىلىكلەر ئۇندىكى مىكروب.
شۇ مىكروبنى كۆرسەتەر روشەن،
ساڭا تەنقىد ئاتلىق مىكروسكوپ.

× ×

تەنقىد دېسە بېشىڭ ئاغرىسا،
خاتالىققا يېپىشقىنىڭ شۇ.
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىساڭ ئۇنى،
ئىلگىرىلەشكە تىرىشقىنىڭ شۇ.

× ×

«كىمكى تەنقىد ئاڭلىسا ئەگەر،
يۈز كېتىدۇ» دېگەن قۇرۇق گەپ.
يۈز كەتمەيدۇ، بەلكى كېلىدۇ،
بىلىپ قالكى، بۇ بىر ئۇلۇغ گەپ.

## يېزىمىزدا ئېلېكتر

تۈن - كېچىدە پارلىغان،
چىراغمىكىن - يۇلتۇزمۇ؟
كەلسەڭ بىزنىڭ يېزىغا،
دەيسەن، كەچمۇ - كۈندۈزمۇ؟

يا، ئاسماندىن يۇلتۇزلار،
يەر ئۈستىگە چۈشكەنمۇ؟
ياكى يېزام ئاسمانغا،
مېھمان بولۇپ كۆچكەنمۇ؟

يۇلتۇز ئەمەس، ئېلېكتىر،
يېزىمىزغا كۆچكىنى.
شۇ سەۋەبتىن ئەمەسمۇ،
يۇلتۇزلارنىڭ ئۆچكىنى.

## پەرزەنت قوشۇنغا

قولۇمدا،
ياق!
كۆڭلۈمدە گۇلدەستە،
يۈرىكىمدە كۈي؛
مۇھەببەت گۈلشىنىگە كىرىپ،
مەدھىيە مۇنبىرىگە چىقىپ،
جاراڭلىق سۆزلەيمەن.
قەھرىمان ئارمىيەم،
سېنى —
سېنىڭ باتۇرلۇقىڭنى،
زوق - شوق بىلەن كۈيلەيمەن.

1

ئەخ، ئارمىيەم!
غالىپسەن ھامان،
جەڭ - چېلىشلاردا يېڭىلمەيدىغان؛
كەمتەرسەن، ئالغا باسقاندا،
شەرەپ ئالدىدا،
مەغرۇرلىنىپ كېرىلمەيدىغان؛
سۆيۈملۈكسەن،
شۇ قەدەر كۆيۈملۈكسەن.
ھەر قاچان، ھەرجايدا،
ۋەتەن - خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان...
سېنى چېنىقتۇردى،
بوران - چاپقۇنلار.
سېنى يېتىلدۇردى،
ئۇزۇن سەپەر،
مۇشكۈل - خەتەر،
جەڭگاھ قۇچىقى —
ئۆچمەس يالقۇنلار.

2

ھەر بىر ئىشىڭدىن،
ھەر بىر ئىزىڭدىن،

شان- زەپەرىنىڭ سەلتەنەتلىك ئېچىلغان—
گۈل - چېچەكلىرىنى كۆردۇق بىز.
شانلىق،
نۇرانە تارىخىڭدىن،
يېڭىلمەس قوشۇن بولۇپ،
مەزمۇت تۇرالىشىڭنىڭ
سەۋەبىنى ئېنىق بىلدۇق بىز.
جانىجان پارتىيەم
سېنى تەربىيىلەپ،
ئالغا يېتەكلەپ،
نامى مەشھۇر، قۇدرەتلىك قىلدى؛
خەلقىمىز
سېنى دىلدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ،
ئالقىشقا سازاۋەر - ھۆرمەتلىك قىلدى.
شۇڭا،
لاچىنكەبى پەرۋاز قىلىپ،
يۈكسىلىش كۆكىدە ئۆرلىمەكتىسەن.
بېشىڭ قارىغايدەك،
گىگانت قەد كۆتۈرۈپ،
تېخىمۇ گۈللىمەكتىسەن.

3

بۇدرۇق بوۋاقلارنىڭ ئەركىلىشىدە،
گۈل - غۇنچىلارنىڭ ئۆسۈشلىرىدە،

بوۋاي ـ موما يلارنىڭ،
يىگىت ـ قىزلارنىڭ،
خۇشال، تاتلىق كۈلۈشلىرىدە،
ئەزىمەتلەرنىڭ مەردانە يۈرۈشلىرىدە،
سېنىڭ ھەسسەڭ بار.
تۆتلىشىشىنىڭ ـــ
قايناق چېلىشىنىڭ،
قاينام ـ تاشقىن بەيگىلىرىدە،
غەلىبىلىرىدە،
بەزمىلىرىدە،
سېنىڭ قىسسەڭ بار.
شۇڭا،
مۇھەببەت كۈلشىنىدە يايراپ،
ھەدىمىيە مۇنبىرىدە سايراپ،
سېنىڭ شەنىڭگە،
ئېيتىمەن ناخشا:
ئەي، باتۇر ئارمىيەم!
ئېلىمىز،
خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن،
غەلىبە مېۋىمىزنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن
ياشا، مىڭ ياشا!...

## پارچىلار

شائىر مەن دەپ ماختانما ھەرگىز،
سەن ئاخشامقى سويما، خام تېخى.

چۈنكى، شەربەت قىلىپ نەزمەڭدىن
ئۇتالمىدىڭ ئەلگە جام تېخى.

× ×

دېدۈق: دوستۇم مۇبارەك.
خىزمەت ئورنۇڭ ئۆسكەنگە.
مىراب بولۇپ قالمىغىن،
لېكىن، قۇرۇق ئۆستەڭگە.

× ×

بىلدىم سېنى، ئامراق ئىكەنسەن،
باغ ئارىلاپ مېۋە يېيىشكە.
لېكىن سېنىڭ ئالدىڭدا باغۋەن
ئېتىبارسىز قالدى نېمىشكە؟

× ×

مەۋقەسى يوق، بىلى بوش،
ئۇجمە كۆكۈل كىشىنىڭ؛
شاختىن ـ شاخقا قونغاچقا،
ساپاسى يوق ئىشىنىڭ.

# يېزىمىزنىڭ قىزلىرى

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى مەدەنىيلەشكە ئەرزىيدۇ،
چۈنكى ئۇلار قەلبىدە كوممۇنىستىك ئەخلاق بار.
ھەر بىر ئىشى، قەدىمى شان-شەرەپكە يولداشتۇر،
قوللىرىدا چىڭ تۇتقان غالىپ قىزىل بايراق بار.

× ×

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ئىلگىرىلەيدۇ دائىما.
شۇڭا ئۇلار ئوخشايدۇ خۇددى ئۇچقۇر دۇلدۇلغا.
ئىش قويندا خۇش بولۇپ، شاد سايرىغان قۇش بولۇپ،
ئېيتقان جۇشقۇن ناخشىسى ئىلھام بېرەر بۇلبۇلغا.

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى شادلىق تاپتى - كۈچ تاپتى،
ئۇلۇغ ۋەتەن قويندا بەختى گۈللەپ، چېچەكلەپ،
چەبدەسلىكى ئۇلارنىڭ زوق قوزغايدۇ يۈرەكتە،
كېۋەزلىكنىڭ ئىچىدە پاختا تەرسە ئېتەكلەپ.

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ھورۇنلۇقنى بىلمەيدۇ،
ئېلان قىلار ھەر قاچان مۇسابىقە ئەرلەرگە.
تاغدەك جاپا كەلسىمۇ قىلچە يانماي ئارقىغا،
باغ ياسايدۇ تەرتۆكۈپ، گىيا ئۈنمەس يەرلەرگە.

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ئىلىم ـ پەننى ئۆگەنگەچ،
بولدى چېچەن، ئەقىللىق، ھەر بىر سۆزى يېقىملىق.
قوشاق توقۇپ يۈرەكتىن، مەدھىيىلەيمىز تېخمۇ،
ئۇلغايغاچقا ئۇلارغا كۆڭلىمىزدە يېقىنلىق.

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ئوخشار گويا باغدىكى،
خۇشپۇراقلىق ئېچىلغان قىزىلگۈلگە، رەناغا.
سوغا قىلىپ غەلىبىدىن، رەھمەت ئوقار قەلبىدىن،
ھۆر، بەختىيار كۈن بەرگەن پارتىيىگە ـ داناغا.

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ئىرادىلىك، غەيرەتلىك،
شۇڭا كۈرەش، ئەمگەكتە بارار ھامان ئالدىدا.
سوتسىيالىزم يولىدا تامەڭگۈگە ماڭىدۇ،
پارتىيىنىڭ سۆزىنى دائىم ساقلاپ يادىدا.

× ×

يېزىمىزنىڭ قىزلىرى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ،
چۈنكى ئۇلار قەلبىدە كوممۇنىستىك ئەخلاق بار.
ھەر بىر ئىشى، قەدىمى شان ـ شەرەپكە يولداشتۇر،
قوللىرىدا چىڭ تۇتقان غالىپ قىزىل بايراق بار.

## غەزەللەر

1

تاڭ بىلەن دۇنيادا سۇلماس گۈل بولۇپ ئۈنگەن ۋەتەن،
نۇرلىنىپ ئىقبال كۆكىدە پارلىغان - كۈلگەن ۋەتەن.

گۈللىنىپ ئالتۇن دىياردەپ، شۆھرىتى داستان بولۇپ،
بەختىنى، ئىقبالىنى كۈندەك ئېنىق كۆرگەن ۋەتەن.

قاينىتىپ جۇشقۇن كۈرەش-ئىش، ياقرىتىپ ئوتلۇق قوشاق،
بەختىيار ئوغلانلىرى ھۆر، شاد ئۆمۈر سۈرگەن ۋەتەن.

پارتىيە باشچى بولۇپ، بەرگەچكە چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت،
تاۋلىنىپ سانسىز كۈرەشتە شان قۇچۇپ ئۆسكەن ۋەتەن.

چىڭ تۇتۇپ ماركسچە تۇغنى، يەلپۈتۈپ ئالەم ئارا،
دوستقا نۇر، دۈشمەنگە نەپرەت - قەھرىنى تۆككەن ۋەتەن.

خەلقى چىن باتۇر، كۈرەشچان، ئەلگە سادىق ھەمدەمەرت،
شۇ سەۋەب يۈكسەك ئۈممدنى دىلغا چىڭ پۈككەن ۋەتەن.

2

دىلىمىز شاتلىق ئارا يايرايدۇ، گۈلچەندەك دېسە،
تىلىمىز بۇلبۇل بولۇپ سايرايدۇ، گۈلچەندەك دېسە.

بەزنى باشلاپ غەلىبىگە، پارلاق كېلىچەك ئەتىگە،
قىپقىزىل تۇغ نۇر چېچىپ چاقنايدۇ، گۈلچەندەك دېسە.

ھۆر ۋەتەننىڭ تۆپرىقى، چەكسىز گۆزەل دەريا - تېغى،
شات - خۇراملىقتا چۆمۈپ ياشنايدۇ، گۆڭچەنداڭ دېسە.

بەختىمىز باھارى دەپ، ئەلنىڭ گۆزەل ناھارى دەپ،
خەلقىمىز پەخىرلىنىپ ماختايدۇ، گۆڭچەنداڭ دېسە.

كۆچىمىزگە كۆچ قېتىپ، جەڭلەردە ئىلھام بەخش ئېتىپ،
شادلىق، زەپەر كۆيلىرى ياڭرايدۇ، گۆڭچەنداڭ دېسە.

ئېھتىرام يالقۇنلىرى، چىن مېھرىمىز دولقۇنلىرى،
تېخىمۇ جۇشقۇنلىنىپ ئۆرلەيدۇ، گۆڭچەنداڭ دېسە.

3

تاغ سۈپەت غەيرەتكە تولغان ئوت يۈرەك جيېفاڭجۈنۇم.
جەڭ ئارا پىشقان - چېنىققان گاڭ بىلەك جيېفاڭجۈنۇم.

ئىنقىلابىي روھ، پەزىلەت يار ساڭا، قوشماق ساڭا،
شۇ سەۋەب ئۆندى ئىزىڭدىن گۈل - چېچەك، جيېفاڭجۈنۇم.

تاغنى يۈتكەن ئۆندا بەرپا ئەيلىدىڭ بوستانە - باغ،
بىزگە سەندىن ئۆزگە پەرھات نە كېرەك، جيېفاڭجۈنۇم.

قۇدرىتىڭنى، شۆھرىتىڭنى بىلدۇ پۈتكۈل جاھان،
جەڭ بىلەن غەلبەڭ ھەمىشە قوشكېزەك، جيېفاڭجۈنۇم،

چىلك تۇتۇپ ماڭماقتا سەن دائىم قىزىل بايراقنى سەن،
پارتىيەم بولغاچ ساڭا چىن يار ـ يۆلەك، جىيىغا كۆچۈنۈم.

ھۆر ۋەتەن قۇرغانسەن، ساقلايسەن ئەلنى تىنچ ـ ئامان،
پارلىغاچ قەلبىمدە چۇنكى كىلىچەك، جىيىغا كۆچۈنۈم.

خىسلىتىڭدىن ئالدى خەلقىم تۈگىمەس ئىلھام ـ قۇۋۋەت،
بەزگە ئىش قايناملىرىدا نۇر ـ ماياك جىيىغا كۆچۈنۈم.

شۆھرىتىڭ شەنىگە يازماق قانچىلاپ داستان ـ غەزەل،
شائىرىڭغا بولدى ئۇتلۇق چىن تىلەك، جىيىغا كۆچۈنۈم.

4

ئىلىم ـ پەنگە بىرلىمەكنى شەرەپ بىل شانۇ ـ شەۋكەت بىل،
ئىلىم ـ پەن باغىنى، دوستۇم، گويا بوستانۇ ـ جەننەت بىل.

ئۆزۈڭنى ئىشقىۋاز بۇلبۇل ۋە ياكى ئوت يۈرەك بىلسەڭ،
ئاشۇ بوستاننى سۆيمەكنى ئېسىل خىسلەت ـ پەزىلەت بىل.

ئىلىم ـ پەن ياشنىتار دىلنى، شۇڭا چىلك باغلىغىن بەلنى،
بىلىمسىز ئارزۇيۇڭ كۆلمەس، ئىلىمنى مىسلى شەربەت بىل.

ئىلىم ـ پەن يولى پارلاق يول، بېغىشلا ھەممە ۋەسلىڭنى،
بۇ يولدا گەر جاپا تارتساڭ، سايەھەت بىل، ھالاۋەت بىل.

ئىلىم-پەن دېڭىزى ئىچرە ئىرادەڭ بولسا ئۈزمەككە،
پۇشايمان ئەيلىمەسلىكچۈن ۋاقىتنى شۇنچە قىممەت بىل.

ئۆگەن، ئۆرلە، ۋەتەن-خەلقىم سېنى كۈتمەكتە مەيداندا،
ئىجاد ۋە ئىختىرا قىلساڭ، بەخت-ئىقبال، سائادەت بىل.

ئېچەپ كۆركەم باھار كەلدى، تۇرۇپ دەس ئابلىكىم سەنمۇ،
ئۆگەنمەككە گۈزەل ياشلىق چېغىڭنى ياخشى پۇرسەت بىل.

5

گۈل-گۈلىستان ئەي يېزام، كەلدىم پىراقىڭدا بۈگۈن،
تاۋلىناي گاڭدەك سېنىڭ مېھنەت ئوچاغىڭدا بۈگۈن.

كەڭ دالا-مۇنبەت ئېتىز، بوستانلىرىڭدا تەر تۆكۈپ،
سەگىدى تەشنالىقىم شەرۋەت بۇلاغىڭدا بۈگۈن.

پارتىيە سىياسىتى چاچقاچقا پارلاق نۇرىنى،
جىلۋە قىپ ئوينايدۇ نۇر ھۆسنۈ-سىياقىڭدا بۈگۈن.

ئەي يېزام، ھۇر-بەختىيار سەن، نېمە ئارمان بار يەنە،
ئوت يۈرەكلىك ياش-قېرى، بۇدرۇق بوۋاقىڭدا بۈگۈن.

مېھرى ئىللىق، ئەي يېزام، سەن ئاڭلا ئوغلۇڭ سۆزىنى،
سەن ئۈچۈن ئىشلەپ ياشايمەن ئىشتىياقىڭدا بۈگۈن.

ياپ - يېشىل گوياكى گۈلشەن، گۈل سۈپەت رەڭدار دالا،
ئاشلىقى، ئاق ئالتۇنى ئەلگە تونۇش داڭدار دالا.

قوينىدا ھەر كۈن سەھەرلەپ قاينىسا مېھنەت، كۈرەش،
كۈيلىرى مەغرۇر، يېقىملىق زەپمۇ ئاھاڭدار، دالا.

ئىش - كۈرەشتە نۇرلىنىپ بۇ كەڭ دىيار ئاچتى جامال،
قىز - يىگىت بولغاچ ئەزەلدىن ئىشقا يار، خۇشتار، دالا.

يالتىراپ مېھنەت نۇرى ئاققاچ ئۇنىڭكى باغرىغا،
بولدى ئۇ ھەر كىم تىلىدا: «ياشنىغان گۈلدار دالا».

نەۋ باھاردەك ياشنىدى بېيجىڭ نۇرىدىن باغلىرى،
ھەر كىشى بىر كۆرسە بولغاي كۆڭلىدىن خۇمار، دالا.

قىپقىزىل بايراق بېشىدا نۇر چېچىپ تۇرغاچ ھامان،
ئەل ئارا بارچە ئورۇندا بولدى بايراقدار، دالا.

ئىخ، بۈگۈن ئۇندىن ئۆگەنمەك ھەر شەھەر، ھەر يېزىغا،
بولدى ئارزۇ، بولدى ئىلھام، بولدى چىن شۇئار، دالا.

مەن سۆيۈپ قالدىم سېنى چىن، غۇنچە رەناسى بىلىپ،
گۈل - يېزا نۇرلۇق دىيارنىڭ ئىشتا داناسى بىلىپ.

قىپقىزىل قەلبىڭ خۇمار ئىشقا - چېلىشقا دائىما،
ماختىشار سېنى يىگىتلەر ئۇلگە - ئەلاسى بىلىپ.

ئىشلىسەڭ قىردا - ئېتىزدا يەڭ تۈرۈپ غەيرەت بىلەن،
كىم سېنى ئالماس تىلىغا، مەڭگۈ ھەمراھسى بىلىپ.

ناخشا ئېيتساڭ، باغدا بۇلبۇل زوقلىنىپ خۇشتار بولار،
جەڭگىۋار، ياڭراق كۆيۈڭنى ناخشا دەرياسى بىلىپ....

سېنى، جانان، كۈيگە قاتتى ياش غەزەلخان ئابلىكىم،
بەختى پارلاق، قەلبى قايناق سۆيگۈ - زوھراسى بىلىپ.

8

ئاڭلا دوستۇم، ماڭما ھەرگىز پەيلى شەيتان كەينىدىن،
ماڭغىنىڭ - ماڭغان بىلەن تەڭ خۇددى ھايۋان كەينىدىن.

دوستمۇ ئۇ، دۈشمەنمۇ ئۇ، بىلمەك قىيىندۇر تۇرقىدىن،
بار خەتەر، ماڭما پەقەت كۆرگەنلا ئىنسان كەينىدىن.

جان پىداقىل راست ئۇچۇن، سادىق، سەمىمىي دوست ئۇچۇن،
سەن ئەبەت ھىسداش بولۇپ ئەگەشمە يالغان كەينىدىن.

ئىككىلەنمەي ماڭ ھامان، بىرلىكتە ئاشقىن تاغ - داۋان،
سىنى چىن ھەمراھ بىلىپ سۆيگەن قەدىردان كەينىدىن.

9

پەننى قىزغىن سۆيمىگەننىڭ ياشلىقى كۆركەم ئەمەس،
رەڭگى كۆركەم بولسا بولغاي، قەلبى گۈل - كۆكلەم ئەمەس.

پەن - بىلىم ئىشقىدا كۆيگەنلەر غېرىبقا ئوخشىسا،
پەن ئۇلارغا گۈل سەنەمدۇر، باشقىسى سەنەم ئەمەس.

پەن - بىلىم دەرياسىدىن سۇ ئىچمىگەنلەرنى كۆزۈڭ،
ئاغزىدا شەنى ئالادۇر، بېلى بوش، مەھكەم ئەمەس.

كىم ئۆگەنسە خۇددى قازغاندەك قۇدۇقنى يىڭنىدە،
ئۇ، كۆرەش قوينىدا ئۆزگەن قەھرىماندىن كەم ئەمەس.

كىم يۈرۈۋەرسە نادانلىق كوچىسىدا گاڭگىراپ،
ئۇ، ئۇزۇن سەپەردە بىزگە يار ئەمەس، ھەمدەم ئەمەس.

پەن - بىلىمنىڭ گۈل باھارى قىلدى دىللارنى خۇشال،
بۇ باھاردىن گۈلىمىگەنلەر ئوت يۈرەك ئادەم ئەمەس.

10

بوزدا تونۇشقان ئىككىمىز، ئاچقاندا يەرلەر تەر تۆكۈپ،
شۇندىن بۇيان پاك سۆيگۈمىز چاقنايدۇ ئالتۇن نۇر تۆكۈپ.

كۆردۈم چېكەڭدە غەلىبىدىن قىسقان گۈلۈڭنى مەن يەنە،
گۈلشەن ئېتىزدا ئاڭلىدىم ياڭراق ئۈنۈڭنى مەن يەنە.

كۆڭلۈم بېغىنىڭ بۇلبۇلى، جانانە يار سەن مەن ئۈچۈن،
قايناق چېلىشنىڭ دۇلدۇلى، مېھرىم تەسەددۇق سەن ئۈچۈن.

## ئۇلۇغ ئۆكتەبىر كۈنى

تاڭ يورۇپ جۇشقۇن ئېلىمگە شۇ مۇبارەك كۈن بىلەن،
باشلىۋەتتۇق شاد ھاياتنى داغدۇغا دولقۇن بىلەن.

ماڭدى خەلقىم ئالغا تىنماي غالىبانە تۇغ بىلەن،
شۇ ئۇلۇغ تاڭ خوشلىقىدىن دىلدا يانغان چوغ بىلەن.

شۇ ئۇلۇغ كۈن بەردى بىزگە چىن بەخت ئىنئامىنى،
قايناق ئەمگەك، ئىش ـ چېلىش ھەم يۈكسىلىش ئىلھامىنى.

شۇ ئۇلۇغ كۈن ئاچتى بىزگە ھۆر بەختنىڭ كەڭ ئېتەك،
بېغىمىزغا تولدى مەڭگۈ توزىماس گۈل ھەم چېچەك!

ياگرىدى ھەر ياندا شوخ فابرىكا - زاۋۇت گۈدىكى،
بەھىساب شادلىققا تولدى ئىشچى - دېھقان يۈرىكى.

يېزا - قىشلاق بارچە جايلار كىردى باھار پەسلىگە،
ئۇچتى ئال دۇلدۇلغا ئوخشاش — ئۇچتى يۈكسەك پەللىگە.

گۈللىدى چۆللەر ئاجايىپ، ئالمىشىپ بوستان بىلەن،
بوي تالاشتى مول ھوسۇلنىڭ تاغلىرى ئاسمان بىلەن.

بۇ ئۇتۇقنى كۆرسىتىپ بولماس رەقەم ھەم سان بىلەن،
كۈيلىسەك ھەم ئاز كېلەر مىليونلىغان داستان بىلەن.

خەلقىمىز ئۆتكۈزدى بۇ ھەر بىر باھارنى قەلبى شاد،
پارتىيىنىڭ شەنىگە ئېيتىپ تەشەككۈر قاتمۇ قات.

غۇنچە ئاچقاچ كۆپ ئەسىر كۈتكەن ئۈمىد، ئارزۇ - تىلەك،
«مىڭ ياشا ئەي پارتىيە!» دەيدۇ شۇ كۈندە ھەر يۈرەك.

× ×

كەلدى بايرام بەختىيار، نۇرلۇق ئېلىمگە دوستلۇرۇم،
ئاشۇ بايرامدا مېنىڭمۇ خۇددى دەريا خوشلۇقۇم.

كەلدى بايرام ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى گۈلدەك ئېچىپ،
كەلدى بايرام ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە نۇرلار چېچىپ.

بەخت ماڭا شۇ كۈننى مەڭگۈ كۈيلىسەم بۇلبۇل بولۇپ،
ئىش كۆرەشتە ئالغا ئۇچسام گاڭ قانات دۇلدۇل بولۇپ.

## ناخشا تېكىستلىرى

### يېزام بېغى

يېزام بېغى ئاۋات باغ،
مېۋىلىرى ناۋات باغ.
تەڭلەشتۈرسە ئەگەردە،
مىڭ جەننەتكە تاۋاپ باغ.

كىملا كىرسە شۇ باغقا،
خۇشال ناخشا ئاڭلايدۇ.
سۈرۈپ باغنىڭ پەيزىنى،
ماختىنىشىدۇ - داڭلايدۇ.

چۈنكى باغقا ئوت يۈرەك،
قىز - يىگىتلەر تەر تۆككەن.
تەر ئۈستىگە ئۇلۇغۋار،
زامانىمىز نۇر تۆككەن.

### چىن دوستلۇقنى سۆيگەنلەر

خۇشپۇراق ئېچىلغان گۈل،
بۇلبۇللارنى سايرىتار.

چىن دوستلۇق گۈلى مەڭگۈ،
كۆڭۈللەرنى يايرىتار.

ئاشۇ گۈلنى تەربىيلەر،
ئۇتلۇق ناخشا - كۈيىمىز.
چىن دوستلۇقنىڭ ئىشقىدا،
يالقۇنلايمىز، كۆيىمىز.

چىن دوستلۇق گۈزەل شۇنچە،
توزىماس قىزىل غۇنچە.
چىن دوستلۇقنى سۆيگەنلەر،
ياشناپ كېتەر بارغانچە.

## تازىلىق ئىشچىسىنىڭ ناخشىسى

تازىلىق - خۇشال ئەمگەك،
زىننەت بېرەر ئۆمۈرگە.
ھەمراھ ماڭا ھەر دائىم،
گۈرجەك بىلەن سۈپۈرگە.

مېھنىتىمدىن يالتىرار،
بۈك - باراقسان كوچىلار.
مۇھىت گۈزەل تۈس ئالسا،
كۆڭلۈم گۈلدەك ئېچىلار.

شەرەپ بىلىپ ئىشىمنى،
تازىلايمەن مۇھىتنى.
ھەرگىز يەردە قويمايمەن،
خەلقىم كۈتكەن ئۈمىدنى.

## گۈلچى قىز ناخشىسى

باھار بىلەن تاڭ بىلەن،
گۈل تېرىدىم بېغىمغا.
گۈلۈم ئۆسەر بىخ سۈرۈپ،
شادلىق بېرىپ دىلىمغا.

ئاز كۈندىلا غۇنچىلاپ،
گۈلۈم پورەك ئاچىدۇ.
ھەر تەرەپكە يېقىملىق،
خۇشبۇي پۇراق چاچىدۇ.

ئاشۇ گۈلۈم ئەبەدى،
ئوت يۈرەكلىك ئىشچانىنىڭ.
مەن ئەمەسمەن سۆيگۈنى،
بوشاڭلارنىڭ ـ مىشچانىنىڭ.

## تىنچ، ئىناقلىق ئېلىمدە

يايرىدى ئوتلۇق يۈرەكلەر،
مېھرىبانلىق ئېلىمدە.

ھۆر ۋەتەن پۈركەندى گۈلگە،
تىنچ، ئىناقلىق ئىلكىدە.

زەپمۇ كۆركەم ۋە چىرايلىق،
ئىتتىپاقلىق گۈللىرى.
ئاشۇ گۈللەر شەرىپىگە،
ئاقىدۇ دىل كۈيلىرى.

بارچە مىللەت قان - قېرىنداش،
قەلبى بىر، باھارى بىر.
جانىجان ئانا ۋەتەننى،
گۈللىتىش قارارى بىر.

## دېھقان ئاكا

ئەي دېھقان ئاكا، كۈلدى قۇياشتەك يۈز ئېچىپ بەختىڭ،
شۇڭلاشقا بولۇپ دۇلدۇل ئېتىز قوينىدا يايرايسەن.
شاد ناخشاڭ قىلىپ پەرۋاز جاراڭلاپ كەتتى ھەريانغا،
چۈنكى سەن بولۇپ بۇلبۇل گۈزەل باغ ئىچىدە سايرايسەن.

ئەي دېھقان ئاكا، قەلبىڭ گوياكى مىسلى گۈلخاندۇر،
جۇشقۇن بەختىيار ئەمگەك ئارا ھەر چاغدا قاينايسەن.
نى توسقۇن، جاپا - مۇشكۈل توسالمايدۇ سېنى ئەسلا،
قەلبىڭدە تولۇق غەيرەت شۇڭا ھەرگىزمۇ تالمايسەن.

قوۋناقتۇر ـ پاراۋاندۇر سىنىڭ كۈلگەن ئىسىل ئۆمرۈڭ،
چۈنكى، ھەر قېتىم تاغدەك ئۇتۇقتىن چەتتە قالمايسەن.
ھەر دائىم قۇچۇپ غەلىبە، يېزامدا قاينىغاچ تويلار،
ھۆسنۈڭ نۇر، ئۆزۈڭ مەغرۇر، تولۇن ئاي كەبى پارلايسەن.

چۆللەرگە بېرىپ زىننەت، ياساپ گۈللۈكنى ـ بوستاننى،
ئۆم مېھنەتتە سەن گۈلدەك كۈنـدىن كۈنگە ياشنايسەن.
ئىشلە! ھارمىغىن ھەرگىز، پەلەككە ئۆرلىگىن دائىم،
ھۆر زامانىمىز باركى، ئايدەك كۆكتە چاقنايسەن.

## ئىناق بىز

شۇ قەدەر ئىناق بىز ھەقەمسايىلار،
بۇرۇنلا دېگەنتۇق: تەگمىگىدى كۆز.
«ئۇيۇشقاق، ئەمەسكەن، ئۇرۇشقاقكەن» دېيىپ،
بەزىلەر ئۆزىچە قىپ يۈرۈپتۇ سۆز.

مەيلىلا تارقاتسۇن ئۇلار سۆز ـ چۆچەك،
ۋە لېكىن ئەڭ ئىناق ئۆتتۇق ئەزەلدىن.
بىرسى ـ بىرسىمىزنى كولاپ يۈرمىدۇق،
خالى بىز «ئۇرۇشقاق» ئاتلىق كېسەلدىن.

## زەرەپشان دەرياسى

ئاقسەن كۈمۈش دەريا شاۋقۇنلىنىپ،
شاۋقۇننىڭ زەپ يېقىملىق ساداسى بار.

چاچراتقان ئۈنچىلىرىڭ مۇنچاق ـ مۇنچاق،
مۇنچاقتا خۇشال ھايات ناۋاسى بار.

ئاقسەن گۈلشەن ئارا، باغلار ئارا،
باغلارنىڭ چېكىسىگە قىسىپ چېچەك.
بويلىرىڭ چۆمۈلگەندۇر يېشىللىققا،
يېشىللىق ۋادا بولۇپ يايغان ئېتەك.

بۈيۈكدا بەختى پارلاق ـ ئازاد يېزا،
يېزىنىڭ ھۆسنى ئاۋات، ھۆسنى كۆركەم.
چاكىلداپ سايرىشىدۇ خۇشال بۇلبۇل،
بۇلبۇللار نازاكەتلىك، قەلبى كۆكلەم.

ئىشلەيدۇ بويلىرىڭدا يىگىت ـ قىزلار،
يىگىت ـ قىزلار خۇشال ـ خۇرام غۇلاچ ئاتقان.
سۈيۈگە گۈللىمەكتە يېشىل يايلاق،
يايلاقنى قوشاقچىلار كۆيگە قاتقان.

## قاراماي تەسىراتلىرى

### دەريا بار دېسەم

قارامايدا دەريا بار دېسەم،
ئاڭلىغانلار ئىشەنمەي قالدى.
ئېمىشقىدۇ، قىلغان سۆزۈمنىڭ،
مەنىسىگە چۈشەنمەي قالدى.

دېدىم: ئاقار دەريالار دېگەن،
بىپايان ـ كەڭ زېمىن ئۈستىدە.
قارامايننىڭ قوينىدا لېكىن،
بىر دەريا بار يەرنىڭ تەكتىدە؛

ئۇ دەرياكى، نېفىت دەرياسى،
ئېقىپ ـ ئېقىپ تۈگىمەيدىغان؛
يوق ئەلۋەتتە ھېچ بىر ستانوك،
ئۇنىڭ بىلەن سايرىمايدىغان!...

## بۇلبۇل

چۆلدىكى بوستان شەھەر قارامايدا،
كۆردۈم مەن ئالماس ئۇچلۇق بۇرغىلارنى.
ئويناتتى بۇرغىلاردىن چىققان سادا،
قەلبىمدە ئوتلۇق پىكىر ـ تۇيغۇلارنى.

ئارىلاپ سان ـ ساناقسىز ۋىشكىلارنى،
بولدۇم مەن باغلار ئارا يايرىغاندەك.
شادلاندىم بۇرغىلارنىڭ سايرىشىدىن،
خۇش ئاۋاز بۇلبۇل كۈيى ياڭرىغاندەك.

بىلىمەن، بۇلبۇل دېگەن گۈل ئىشقىدا،
ھەر سەھەر ناۋا ئەيلەر ئۇرۇپ خەندە.
بۇرغىلار ـ قارامايننىڭ بۇلبۇلىكەن،
يېقىملىق سايرايدىغان كۈنى ـ تۈندە.

## قۇدۇق بېشىدا

سېمونتلانغان قۇدۇق بېشىدا،
دىمىغىمغا نېفىت پۇرىدى.
نە نېفىت ئۇ، گويا ئەتىرگۈل،
ۋۇجۇدۇمنى شادلىق ئورىدى.

ئاشۇ گۈلنى پۇراق چاچقۇزغان،
ئىشقا پىشقان نېفىت ئىشچىسى.
شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ پۇراقتا،
چىڭ باغلاندى كۆڭلۈم رىشتىسى.

**1982 - يىل، 7 - ئاي**

## يۈرەك قەسىمى

ئانا ئەلقوينىدا قايسى ئىش،
ئۈستۈمگە يۈكلەنسە ئەگەردە؛
يۈرىكىم شادلىنىپ ئاشۇ چاغ —
باغلىنار بېلىم گاڭ كەمەردە!...

## مېنى سۆيسەڭ...

مېنى سۆيسەڭ، شەرتىم شۇ پەقەت:
ئىش - ئەمگەككە مەڭگۈ شەيدا بول!
ھەر سەھەردە ياڭرىتىپ ناخشا،
كەڭ ئېتىزدا كۈلۈپ پەيدا بول!...

## دوستۇمغا

ئاڭلا دوستۇم، قېرىساڭمۇ گەر،
ئاپئاق ساقال قونۇپ ئېڭەككە؛
بېسىپ ئۆتكەن ئىزىڭ قېرىماس،
ئىلىم - پەننى تاڭساڭ يۈرەككە.

## يېڭى يىل چاچقۇلىرى

(چاتما شېئىر)

### يېڭى ئىش خۇشلۇقى ئەلا

شادلان دوستۇم، يېڭى يىل كۈنى:
«مول نەتىجەڭ مۇبارەك!» دەيمەن.
رەنجىسىپ يۈرمە، «يېشىڭ مۇبارەك!»
دېگەن سۆزنى كېيىنرەك دەيمەن.

چۈنكى ساڭا بېرەلمەس باھا،
تەققى - تۇرقۇڭ، يېشىڭغا قاراپ.
ياغار پەقەت ھۆرمەت ئالقىشى،
ئەلگە قىلغان ئىشىڭغا قاراپ.

شۇڭا ياشىڭ چوڭلۇقىدىنمۇ،
ئىش - نەتىجە چوڭلۇقى ئەلا.

يېڭى ياشنىڭ خۇشاللىقىدىن،
يېڭى ئىشنىڭ خوشلۇقى ئەلا.

ياش قالاركەن ئىشنىڭ كەينىدە

يېڭى ياش ۋە يېڭى ئىشىمىز،
بۇ يىل يەنە ئۇچرىشالمىدى.
ئۇلار شۇڭا كونا يىل بىلەن،
بىرلا چاغدا خوشلىشالمىدى.

چۈنكى بىزدە يېڭى يىل ئىشى،
باشلانغانتى ئىككى ئاي بۇرۇن.
ياش قالاركەن ئىشنىڭ كەينىدە،
ئادەم ئەگەر بولمىسا ھورۇن.

## چۈشەنسەڭلار ...

سوراپ قالدى بىر كۈن مېنىڭدىن،
يۇرتىمىزنىڭ قىزىقچىلىرى:
— «نەدىن كەلدى پېشانىڭىزنىڭ
چىمبەرقۇتتەك سىزىقچىلىرى؟»

جاۋاب بەردىم: «بۇ سىزىقچىلار،
قېرىلىقتىن بەرمەس بىشارەت.

پېشانەمدىن ئورۇن ئالدى ئۇ،
يۇرتۇم ئۈچۈن چەككەچ رىيازەت.

چۈشەنسەڭلار بۇ سىزنقچىلار،
تەپەككۇرنىڭ دەرياسى ئەسلى.
ئۇندا ئاققان ھەر بىر تامچە تەر،
«چىن ھاياتنىڭ مەناسى ئەسلى».

## كۆچۈڭلار

بالىلىق، ياشلىق ۋە قېرىلىق،
كېلىدۇ ئادەمنىڭ بېشىغا.
ھەر بىرى باشقىچە رەڭ بېرەر،
ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە ئىشىغا.

شۇنداقمۇ ياش دوستلار بار بىزدە،
ياشلىقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن:
گۇدەكلىك ـ تەنتەكلىك تېخىچە،
سايىدەك ئەگىشىپ كەتمىگەن.

ئۇلارغا سەممىي ئېيتىمەن:
«بالىلىق دەۋرىدىن كۆچۈڭلار.
ياشلىقنىڭ جامىغا تولدۇرۇپ،
ئىلىم ـ پەن شارابى ئىچىڭلار...»

## «كونا» دېمەڭلار

يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەندە،
خوشلىشىمىز كونا يىل بىلەن.
لېكىن ئۇنىڭ غەلبىلىرىنى،
ئىزھار قىلىپ بولماس تىل بىلەن.

ئۆتكەن يىلنى كونا دېمەڭلار،
كونا پەقەت ئۇنىڭ رەقىمى.
ئوخشىمايدۇ باشقا يىللارغا،
چۈنكى يېڭى مەزمۇن، قەدىمى.

جۇشقۇن، يېڭى غەيرەت بولسىلا،
ئادەم يولدا قالمايدۇ ھېرىپ.
بىزنىڭ يىللار تارىخ بېتىدە،
نۇر چاچىدۇ، كەتمەيدۇ قېرىپ.

1984 - يىل

## كۆڭلىمىز خۇش بۇنىڭدىن

قىزىل دەريا ئىلگىرى،
ئاقاتتى ئۆز مەيلىگە.
(تاشقىنى كۆپ، دەھشەتلىك،
كەلمەيتتى سۆز پەيلىگە).

نەچچە باغلار، ئېتىزلار ...
قانار ئەمدى ئۈنىڭدىن.
قولىمىزدا يۈكنى،
كۆڭلىمىز خۇش بۇنىڭدىن.

## سىنچاي قويۇپ ئىچكىلى بولماس

ناخشا ئېيتسام تۈنۈگۈن ئاخشام،
سۆيگۈنۈمنى گۈزەل قىزچاق دەپ.
بۈگۈن بىرسى تەگدى چىشىمغا،
يار توغرىلىق قىلاي چاقچاق دەپ.

سۆزلىدى ئۇ «يارىڭنى كۆردۈم،
ئەپسۇس، رەڭگى ئاپئاق ئەمەسكەن.
كۆڭلۈك سوۋۇپ كەتمىسۇن يەنە،
ۋاي دېگۈدەك قىزچاق ئەمەسكەن».

دېدىم ئاڭا «يارىمنىڭ يۈزى،
ئىش قويىندا، ئاپتاپتا كۆيگەن.
قارا قۇمچاق بولسىمۇ ئۆزى،
يۈرىكىمدىن ئارزۇلاپ سۆيگەن.

گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئۇ،
شۇڭا ھەرگىز كەچكىلى بولماس.
چىرايىغا ئادەم دېگەننىڭ،
سىنچاي قويۇپ ئىچكىلى بولماس».

## ئېمىزگە

سېلىنغاندا قۇرۇق ئېمىزگە،
يىغىسىدىن توختايدۇ بوۋاق.
ئانىسىغا بېرىدۇ ئارام،
دەماللىققا گول بولۇپ بىر ۋاق.

لېكىن ئاشۇ قۇرۇق ئېمىزگە،
چوڭ ئادەمنى ئالدىيالمايدۇ.
بوۋاق بىلەن چوڭنى بەزلەر،
شۇ كەمگىچە ئايرىيالمايدۇ.

ئايرىشنىغۇ ئايرىسا كېرەك،
كۆرسەتكەندۇ شەيئىنى كىچىك.
ئەڭ ياخشىسى، شۇ ئېمىزگىنى،
بوۋاقلارغا ئىشلەتكەن تۈزۈك.

## ئۆزۈملۈكتە

ئۆزۈمزار باغنى بويلاپ كەڭ سوزۇلغان،
تاللارنى يۆلەنگۈچلەر ئۆرىدەيدۇ.
زۇمرەت شاخ، يوپۇرماق، باراقسانلىق،
ئەتراپنى يېشىل توندەك چۆرىدەيدۇ.

سۇپسۇزۇك بۇ ئۈزۈمنىڭ ھەر غۇجىكى،
تارتىنچاق كېلىنچەكتەك مارىلايدۇ.
ئويناقلاپ كۈمۈش ئۆستەڭ ـ ئۈزۈملۈكنىڭ
چىمەنزار ئېتىكىنى ئارىلايدۇ.

تاڭ سەھەر كېلىپ قىزلار تەڭ تۇۋىگە،
ئۈزۈمنى مۇنار كەبى دۆۋىلەيدۇ.
رەڭ تۇزۇشۇپ گۈللەشكەن شۇ ئۈزۈملەر،
ئەمگەكچى خەلققە بىز دورا، دەيدۇ.

سەيلە قىلىپ يەڭگىت ـ قىزلار ئۈزۈمزاردا،
يۈرەكلەر بىر ـ بىرىگە چېتىلىدۇ.
ئىخ! شۇندا لەۋنى يېرىپ شادلىق سۈيى،
ناخشىلار كۆكنى بويلاپ ئېتىلىدۇ.

چىرايلىق ئايدىڭ كېچە، ئاسمان شاھى،
تولۇن ئاي كۆكتە ئۈزۈپ كۈلىشىدۇ.
سۈت رەڭلىك نۇر چاچرىتىپ زوقى بىلەن،
ئۈزۈملۈك جامالىنى كۆرۈشىدۇ.

قۇيۇلغان مەرۋايىتتەك تەر ـ تامچىلار،
ماڭلاينى ئەجەپ پارلاق نۇرلىتىدۇ.
چۈنكى، شۇ ئەركىن مېھنەت ـ قايناق كۈرەش،
ئۈزۈمزار قوچىقىنى گۈللىتىدۇ.

## قاسساپ دوستىغا سۆڭەك بېرەمدۇ؟

گۆش دۇكىنى ئىچىدە كۆردۇم،
شاپ بۇرۇتلۇق قاسساپ ئۇستىنى.
سۆڭىكى يوق، پەش گۆشنى بېرىپ،
ئۇزاتتى ئۇ يېقىن دوستىنى.

چاقچاق قىلىپ دېدىم قاسساپقا:
— دوستىڭىزغا سۆڭەك بەرمەمسىز؟
قاسساپ دېدى: بەللى، قىزىق گەپ،
سىز دوستلارغا كۆڭۇل بۆلمەمسىز؟

چۈشەندىمكى، قاسساپ دوستىغا،
سۆڭەك ئەمەس، بېرەركەن پەشنى.
ناتونۇشلار كەلسە ئالدىغا،
جىڭلايدىكەن سۆڭەكنى، لەشنى ...

ئىشەنمەڭلار «قاسساپ دوستىغا،
سۆڭەك بېرەر» دېگەن تەمسىلگە.
يەرلىكىدە قويغان دۇرۇستۇر،
مۇنداق گەپنى سىلىپ زەمبىلگە.

## يېزام

گۇل يېزام، ئۆتمۇش چېغى باغرىڭ سېنىڭ،
چۆل سۇپەت قۇملۇق ئىدى، يۇلغۇن ئىدى.

قەلبىڭنى چىرمىۋالغان ئاھۇ- پىغان،
چىرايىڭ مۇڭلۇق ئىدى، سۇلغۇن ئىدى.

ئىخ، بۈگۈن ئازاد زامان چاچقاچقا نۇر،
رۇخسارىڭ باھار سۆيگەن غۇنچە بولدى.
ئۆم مېھنەت شەربىتىدىن كۆتۈردۈڭ جام،
تۇپرىقىڭ توز قانىتىدەك زىلچە بولدى.

## ئۈمىد كۈتكىن

(بىر ھەۋەسكارنىڭ خاتىرىسىدىن)

ھەر شېئىرىڭ توزىماس بىر گۈل،
ئەجەب خۇشبۇي ئۇنىڭكى ھىدى.
شۇنىڭداق گۈلنى ئۆستۈرۈش مېنىڭ،
ئوتلۇق ئارزۇ - تىلىكىم ئىدى.

ئەپسۇس، ئىجاد بېغىمدا تېخى،
سەرخىل گۈللەر كۆرۈنگىنى يوق؛
ئۇنى پۇراپ كىتابخانلارنىڭ،
يۈرىكىدىن سۆيۈنگىنى يوق.

ئۆرلەش ئۈچۈن ئىجاد كۆكىدە،
ئۆگىنىمەن سېنىڭدىن، شائىر.

ئىزلىنىمەن بۇ يولدا مەڭگۈ،
ئۈمىد كۈتكىن مېنىڭدىن، شائىر.

## «ئۆرە تۇرماس بوش تاغار»

بىر باشلىق بار ئىدارىمىزدا،
قورسىقىدا ئۇسچىمۇ يوق.
ئۇچاي دەيدۇ ئاسماندا، لېكىن،
قانات تۈگۈل غۇلچىمۇ يوق.

سۆلتىنى ئاشۇ باشلىقنىڭ،
تارتالمايدۇ تۆت ئاتلىق هارۋا.
تەكلىپ پىكىر بەرگەنلەر، ئۇنىڭ
نەزەرىدە ساندىلار كالۋا.

دېيىشىدۇ هەممەيلەن شۇڭا:
«بىزنىڭ باشلىق — ئىچى بوش تاغار،
تىرىشمىسا، ئۆگەنمىسە ئۇ،
هەرگىز ئۆرە بولالماي قالار...»

مۇشۇ باها — ئامىنىڭ پىكرى،
كەلمەس ئاڭا قىلچىمۇ ئارتۇق.
«ئۆرە تۇرماس بوش تاغار» دېگەن،
تەمسىل شۇڭا قىلىندى تارتۇق.

## تۇيۇقلار

دوستۇم تۇرۇپ يەڭ،
مۇشەققەتنى يەڭ؛
ئەل سۆيۈپ سىنى
دەيدۇ: «مىۋە يەڭ.»

× ×

نۇرلاندى ھەر يان،
پەن ئىشقىدا يان.
ئۆگىنەي دېسەڭ
ھورۇنلۇقتىن يان.

× ×

ھايات يولى ئېگىز - پەس.
بولما بەڭباش، كۆڭلى پەس.
دوستلىرىڭنىڭ ئالدىدا
كۆرەڭلىمەي تۇرغىن پەس.

× ×

كەلدى گۈزەل باھار - ياز،
ئۈنى كۈيلەپ شېئىر ياز.

بەختى كۆلگەن ئەۋلاد سەن،
ئەركىن يايرا، قانات ياز.

× ×

نادانلىقتىن قولۇق ئۈزگەن،
بىلىم ئوكيانىدا ئۈزگەن.
ھەرپەت بىر گۈلىستاندۇر
كىرىپ گۈل - غۇنچىلار ئۈزگەن!

× ×

ئەل ئىشقىغا ئۆزۈڭنى ئات،
قالار سەندىن شەرەپلىك ئات.
ئەل رايىغا پۇت ئاتسا كىم،
ئاڭا غەزەپ ئوقياسى ئات.

× ×

بول مۇلايىم، بولما قىزىققان،
ئەدەب - ئەخلاق شەرىپىگە قان.
ئانا ئەلنى گۈللەش يولىدا
كېرەك بولسا تۆككىن قىزىل قان.

# ئۈمىد غۇنچىلىرى

(شېئىرلار)

ئاپتورى: ئابلىكىم روزى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇختى ئايخان

مەسئۇل كوررېكتورى: باقى ھاجى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092×787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 6.25

1986 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى

1987 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 4000

---

كىتاب نومۇرى: 72 — 10264　　باھاسى: 0.40 يۈەن

本诗集选入作者以青少年生活为题材的一部分诗篇。这些诗歌以儿童语言，形象地反映我们这个时代青少年求学的渴望，以及对祖国，对人民，对党的纯真的感情。

希望的蓓蕾（维吾尔文）
（儿童诗集）
阿不力克木·肉孜著
责任编辑：吐合提·阿布汗
责任校对：巴克阿吉

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　6·25印张
1986年11月第1版　1987年4月第1次印刷
印数：1—4000

统一书号：M10264—72　定价：0·40元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق


نومۇرى: 72 — 26

باھاسى: 0·40 يۈەن